چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# خامېلېئون

چېخوف [روسىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرغۇنجان سۇلتان

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرلىرى: ئازات بارات

ئېرجان تۆلەۋ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: غەيرەت ئابىت

ھەبىبۇللا ئېلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئۇبۇلقاسىم



ISBN 7 - 80658 - 908 - 2

باھاسى: 7.50 يۈەن

ISBN 7-80658-908-2

9 787806 589083 >

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# خامېلېئون

## چېخوف [رۇسىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: ئېلىنىياز ئېلى

شىنجاڭ                                        ... رىياتى

**图书在版编目（C I P）数据**

变色龙/(俄罗斯)契诃夫著；孙新平改编；艾力尼亚孜．艾力译．—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2006. 5

ISBN 7 - 80658 - 908 - 2

Ⅰ．变…　Ⅱ．①契…　②孙…　③艾…　Ⅲ．中篇小说—俄罗斯—近代—缩写本—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. I512. 44

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 037987 号

بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# خامېلېئون

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك

شىركىتىدە بەت ياسالدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

2006 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 2006 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى

فورماتى: 787 × 970mm　1/ 32؛ باسما تاۋىقى: 6

ISBN 7 - 80658 - 908 - 2

باھاسى: 7. 50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社 2000 年 12 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

**责任编辑**: 吐尔洪江·苏里坦

**美术编辑**: 阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流

**责任校对**: 海来提·阿比提
艾比布拉·艾力

**审　　订**: 亚森·吾不力哈斯木

世界经典文学作品赏析

**变色龙** (维文)

艾力尼亚孜·艾力　译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新华印刷厂印刷
2006 年 5 月第 1 版　2006 年 5 月第 1 次印刷
开本: 787×970 毫米　1/32　印张: 6
ISBN 7-80658-908-2

定价: 7.50 元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话: 0991-4521461

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

چېخوف (1860 — 1904) رۇسىيە يازغۇچىسى، دراما-تورگى. ئۇ 1860 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى روستوۋ ئۆلكىسىنىڭ تاگانروگ شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بو-ۋىسى ئازاد قىلىنغان يانچى، دادىسى مىلىچماللار دۇكى-نىنىڭ خوجايىنى ئىدى. 1876 - يىلى ۋەيران بولۇپ، ئائىلىسى بويىچە موسكۋاغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلى-شىپ قالغان. ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى تۇرمۇشى ئىنتايىن نامرات بولغاچقا، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ تاپقان پۇلىغا تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامدىغان ۋە ئوقۇ-شىنى داۋاملاشتۇرغان. 1884 - يىلى موسكۋا ئۇنىۋېرسى-تېتىنىڭ تېببىي فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ دوختۇر بول-غان، شۇنىڭدەك جەمئىيەتتىكىلەر ۋە خەلق بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى بېيىتىپ، كېيىنكى ئىجادىيىتى ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىيال توپلىغان.

چېخوف ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا يې-زىقچىلىقنى باشلىغان. ئۇ دەسلەپكى ئىجادىيەتلىرىدە ئانتونسا چېخونت قاتارلىق تەخەللۇسلىرى بىلەن، ئەينى زاماندا بىر مەھەل دەۋران سۈرگەن بىر قىسىم يۇمۇر

ژۇرناللىرىغا ئەسەر ئەۋەتكەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە نۇرغۇن قىزىقارلىق فېلىيەتون ۋە يۇمۇرلۇق ھېكايىلەرنى يازغان، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئانچە قىممىتى يوق كۈلدۈرگىلەر بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسمى خېلى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئىدى. ئۇ رۇسىيە ئەدەبىياتىنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتتىكى رەزىل خاھىشلارنى پاش قىلغان، مەسىلەن، «مىخ ئۇستىدە»، «بىر ئەمەلدارنىڭ ئۆلۈمى» ۋە «غالىبلارنىڭ غەلىبىسى» (1883 ـ يىل) قاتارلىق ئەسەرلىرىدە تىز پۈكۈپ، خۇشامەتچىلىك قىلىدىغان بىر تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارنى تەسۋىرلەپ بەرگەن؛ «خامېلېئون» (1884 ـ يىل) دېگەن ئەسىرىدە شامالغا قاراپ ئىش كۆرىدىغان بىر غالچىنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان؛ «لېيتېنانت پلىشبىيېف» ناملىق ئەسىرىدە مۇستەبىت تۈزۈمنى ھىمايە قىلغۇچىنىڭ ئوبرازىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. لېكىن چېخوف تىرىكچىلىك قىلىش زۆرۈرىيىتى ۋە تەجرىبىسىزلىك تۈپەيلىدىن، دەسلەپكى مەزگىللەردە تېز يېزىش ۋە كۆپ يېزىشقىلا بېرىلىپ كەتكەن.

داڭلىق يازغۇچى گرىگورىۋىچ 1886 ـ يىلى 3 ـ ئايدا چېخوفقا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ تالانتىغا ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان. چېخوف بۇنىڭدىن زور ئىلھام ئېلىپ، ئىجادىيەتكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا

باشلىغان. 1886 ـ يىلى يازغان «ۋەنكا»، «ھەسرەت» ۋە 1888 ـ يىلى يازغان «ئۇيقۇسى كېلەتتى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن. 1888 ـ يىلى يېزىپ پۈتتۈرگەن «يايلاق» ناملىق پوۋېستىدا ۋەتەنىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىنى تەسۋىرلىگەن ۋە مەدھىيىلىگەن، دېھقانلارنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرغان، خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلىگەن. «ئات قويۇلغان كۈن» (1888 ـ يىل) ۋە «كىنەز خانىم» (1889 ـ يىل) قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ساختىپەزلىك، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە چاكىنىلىق قاتارلىق ناچار ئادەتلەرنى ئېچىپ تاشلىغان. چېخوف بۇ ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ماھارىتى قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىگەن، لېكىن ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان چېخوف بۇ ۋاقىتتا سىياسىيغا قىزىقماي، «ئەركىن سەنئەتكار بولۇشقا، مۇتلەق دەرىجىدە ئەركىن بولۇش»قىلا بېرىلىپ كەتكەن.

چېخوف ئىناۋىتى ۋە ئورنىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ بىر يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يەتكەن. 1890 ـ يىلى ساخالىن ئارىلىغا قىلغان سەپىرى ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىدىكى مۇھىم بىر نامايەندە

بولغان. ساخالىن ئارىلى جىنايەتچىلەرنى پالايدىغان جاي ئىدى، ساخالىن ئارىلىدىكى دوزاخ كەبى ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلەر بۇ يەرگە تەكشۈرۈشكە كەلگەن يازغۇچىدا ئۆچمەس تەسىراتلارنى قالدۇرغان. چېخوف ساخالىن ئارىلىدىن قايتىپ كېلىپلا، ئەسەرلىرىدە جەمئىيەتنى تەنقىد قىلىش سالمىقىنى روشەن ھالدا ئاشۇرغان. «6 ـ بىمارلار ياتىقى» (1892 ـ يىل) ناملىق پوۋېست دەل ئاشۇنداق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئىجادىيىتى يۇقىرى پەللىگە چىققان. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى رېئالىزملىق مەزمۇنلارنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ دېموكراتىزملىق ئىدىيىسىمۇ بارا ـ بارا روشەنلەشكەن. بولۇپمۇ گوركى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن زور بولغان. بۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ دېموكراتىزملىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئۇمىدۋارلىق روھى كۆرۈنەرلىك ھالدا كۈچەيگەن. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرلىرىدا رۇسىيىدە غايەت زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ھەمدە بۇنداق ئۆزگىرىشنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى بىر ئەسىرى «گىلاسلىق باغ» دا، ياش رۇسىيىنىڭ «خەير ـ خوش، كونا تۇرمۇش»، «ياخشىمۇسىز، يېڭى تۇرمۇش» دېگەن ساداسىنى ياڭراتقان. چېخوف 1904 ـ يىل 7 ـ

ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گېرمانىيىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

چېخوف 20 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت پائالىيىتىدە 400 پارچىدىن كۆپرەك پوۋېست، ھېكايە، 10 نەچچە سەھنە ئەسىرى يازغان. روسىيىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر مەشھۇر رېئالىزمچى ئەدەبىيات پېشۋاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ «كىچىك شەخس» لەرنىڭ تەقدىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن، چار پادىشاھ تۈزۈمىنىڭ زالىم ۋە ساختىلىقىنى رەھىمسىزلەرچە پاش قىلىپ، خەلقئارادا ئاجايىپ شۆھرەت تاپقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ياۋروپا، ئامېرىكىلاردىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە كەڭ تەسىرگە ئىگە. ئۇ ئادەتتىكى كۈندىلىك تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى يۇلۇپ ئېلىپ، كامالەتكە يەتكەن بەدىئىي ئۇسلۇبى بىلەن، تۇرمۇش ۋە پېرسوناژلارنى ھەقىقىي رەۋىشتە سۈرەتلەپ بەرگەن، مۇھىم ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى چاندۇرماستىن ئىپادىلەپ بېرىپ، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، يىغىنچاق ۋە مەزمۇنلۇق، بەدىئىي جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن بىر خىل لىرىك پىسخىك ھېكايىلەرنى ئىجاد قىلغان. ئۇ فرانسىيە يازغۇچىسى مۇپاسسان، ئامېرىكا يازغۇچىسى ئوھېنرىلار بىلەن بىرگە دۇنيادىكى ئۈچ ئۇلۇغ ھېكايە ئۇستىسى دەپ نام ئالغان. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇلۇغ دراما ئۇستىسى. ئۇنىڭ «ۋانىيە تاغا»، «ئۈچ ئىگىچە ـ سىڭىل» قاتارلىق دراما

ئەسەرلىرىدە، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىگە ئوخشاشلا كۆرۈنۈشتە ئاجايىپ ـ غارايىپ جايلار يوق بولۇپ، كۆپىنچە ئاددىي تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى سۆزلەنسىمۇ، ئەمما كۆڭۈل قو- يۇپ تەپسىلىي ئوقۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلارغا چوڭقۇر مەنىلىك ئىدىيىلەر سىڭدۈرۈلگەن، پېرسوناژلارنىڭ دى- ئالوگلىرىغا مول، يوشۇرۇن مەنالىق كۆزقاراشلار يوشۇ- رۇنغان بولۇپ، بىر خىل شېئىرىي گۈزەللىك ۋە لىرىك ئۇسلۇبقا ئىگە.

# مۇندەرىجە

1. خامېلېئون ........................................ 1
2. بىر ئەمەلدارنىڭ ئۆلۈمى............................ 14
3. يايلاق ................................................ 21
ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل ........................ 165

# خامېلېئون*

ئۇستىگە يېپىپېڭى ھەربىيچە پەلتو كىيگەن ۋە قولىدا كىچىك سومكا تۇتقان چارلاش ساقچى ئوفىتسېرى ئوچۇملوف بازار ئىچىدىكى مەيداندىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن مۇسادىرە قىلىنغان مېۋىلەر بىلەن لىق تولغان بىر غەلۋىرنى كۆتۈرۈپ قىزغۇچ چاچلىق چارلاش ساقچىسى ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئەتراپ جىمجىت.... بازار ئىچىدىكى مەيداندا ئىنسۇجىن كۆرۈنمەيتتى.... دۇكان ۋە قاۋاقخانىلارنىڭ ئوچۇق قالغان ئىشىكلىرى گوياكى ھاڭقىيىپ قالغان ئوچۇق ئېغىزلارغا ئوخشاش مۇڭلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەتتا تىلەمچىلەرمۇ يوق ئىدى.

---

* خامېلېئون — بىر خىل يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتىر ئەتراپىدا. ئۇنىڭ تەنچىلىرى دانىچە شەكىلدە بولىدۇ، ھەقىقىي تېرىسىدە كۆپ خىل پىگمېنت ھۇجەيرىلىرى بولغاچقا، خالىغان ۋاقىتتا ئۇزىراپ، قىسقىرايدۇ ۋە رەڭگىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ؛ بېشىدا ئۇچ بۇرجەك شەكىلدە ئۆسمىسى بولىدۇ؛ تىلى ئۇزۇن بولۇپ، ئېغىز سىرتىغا سوزۇپ، چىقىرىپ ھاشارات تۇتۇپ يەيدۇ؛ تۆت پۇتى قىسقا، دەرەخكە چىقىشقا ماھىر، قۇيرۇقى ئۇزۇن كېلىدۇ، ئافرىقىنىڭ شىمالى، كىچىك ئاسىيا ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئۇ سىياسىي جەھەتتە ئۆزگىرىشكە ماھىر، تېز نىقابلىنىۋالىدىغان ساختا كىشىلەرگە تەقلىد قىلىنىدۇ.

— مۇھەررىردىن

ئوچۇمىلوفنىڭ قۇلىقىغا تۇيۇقسىزلا:

— ھۇ لالما، سەن تېخى ئادەم چىشلىگۇدەك بول-دۇڭما؟ باللار، ئۇنى قاچۇرۇپ قويماڭلار! بۇ ئاي - بۇ كۇنلەردە چىشلەشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ! ئۇنى تۇت! ئا.... ئە.... دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى.

ئارقىدىنلا ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوچۇ-مىلوف ئەتراپقا قاراپ، سودىگەر پىچۇگىنىنىڭ ياغاچ زا-ۋۇتىدىن بىر كۇچۇكنىڭ بىر پۇتىنى كۆتۈرگىنىچە ئاقساقلاپ قېچىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. كۇچۇك پات - پات ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن گۇللۇك كۆڭلەك ۋە ئالدى ئوچۇق جىلىتكە كىيىۋالغان بىر كىشى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ كۇ-چۇكنى قوغلاپ كېلىۋېتىپ ئۆزىنى ئالدىغا ئاتتى - دە، كۇچۇكنىڭ كەينى پۇتىنى تۇتۇۋالدى. ئەمدى كۇچۇكنىڭ قاۋىشى ۋە «قويىۋۋەتمە!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. دۇكاندارلار دۇكانلاردىن يېڭىلا ئويقۇدىن ئويغانغاندەك ئۇيقۇچان كۆزلىرى بىلەن باشلىرىنى چىقىرىشىپ قا-راشتى ۋە ياغاچ زاۋۇتىنىڭ ئالدىغا بىردەمدىلا خۇددى يەردىن ئۇنۇپ چىققاندەكلا بىرمۇنچە ئادەملەر توپلاندى.

— جانابلىرى، چاتاق چىقىدىغاندەك تۇرامدۇ - نې-مە؟... — دېدى چارلاش ساقچىسى.

ئوچۇمىلوف سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئادەملەر ئولاشقان تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۇ يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن

جىلتىكىسىنىڭ تۈگمىلىرى يېشىۋېتىلگەن كىشىنىڭ ياغاچ زاۋۇتى دەرۋازىسى ئالدىدا ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانغا بويالغان بارمىقىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئوچۇمىلوف بۇ كىشىنىڭ زەرگەر خريوكىن ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئولىشىۋالغان كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا غوۋغا چىقارغۇچى ئەيىبكار — ئۈچلۈق تۇمشۇق، سېرىق ئالا كۈچۈك ئالدى پۇتلىرىنى كېرىپ، پۇتكۇل ئەزايى تىترىگەن هالدا شۈمشىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن غەمكىنلىك ۋە قورقۇنچ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

ئوچۇمىلوف ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا كىردى ـ دە:

— سىلەر نېمىشقا بۇ يەرگە يىغىلىۋالدىڭلار؟ سەن نېمىشقا قولۇڭنى كۆتۈرۈپ تۇرىسەن؟... ۋارقىرىغان كىم؟ — دەپ سورىدى.

خريوكىن قولى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ يۆتىلىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— جانابلىرى! مەن هېچكىمگە چېقىلماستىن ئۆز يولۇمغا قاراپ كېتىۋاتاتتىم.... مىترى مىترىچ بىلەن ياغاچ توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشماقچى ئىدىم، بىر ۋاقىتتا قارىسام، مۇنۇ لالما هېچنېمىدىن هېچنېمە يوقلا تۇيۇقسىز بارمىقىمغا ئېسىلدى.... مېنى كەچۈرۈڭ، مەن ئىشلەۋاتاتتىم.... مەن قىلىۋاتقان ئىشلار بەك ئىنچىكە ئىشلار ئىدى. ئىتنىڭ ئىگىسى ماڭا هەسسىلەپ تۆلەم

تولەپ بەرمىسە بولمايدۇ، چۈنكى كىم بىلىدۇ، بەلكىم بۇ بارمىقىمنى بىرەر ھەپتىگىچە مىدىرلىتالماسمەن. جانابلىرى، قانۇندىمۇ ھايۋانلارنىڭ زىيان ـ زەخمىتىگە ئۇچرىغاندا چىداش كېرەك دەپ ئېيتىلغان ئەمەسقۇ؟!... ئەگەر ھەممە كىشىنى بۇنىڭغا ئوخشاش لالمىلار كېلىپ چىشلەۋېرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ دۇنيادا ھايات كەچۈرۈشمۇ تەس بولۇپ قالىدۇ....

— ھىم... ياخشى...، — دېدى ئوچۇمىلوف جىددىيلىك بىلەن قاشلىرىنى يىمىرگەن ھالدا يۆتىلىپ تۇرۇپ، — ياخشى... بۇ كىمنىڭ ئىتى؟ مەن بۇ ئىشنى مۇنداقلا بولدى قىلىۋەتمەيمەن. مەن ئىتلىرىنى كوچىغا قويۇۋەتكەنلەرگە ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويىمەن. پەرمانلارغا بويسۇنۇشنى خالىمايدىغان مۇنداق ئەپەندىلەرنىڭ تانابىنى تارتىپ قويىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى! ئۇ ئەبلەخلەرگە بىر جەرىمانە قويىدىغان بولسام، ئىتلىرىنى كوچىغا قويۇۋەتكەننىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئاندىن چۈشىنىدۇ! مەن ئۇلارغا كۆرگۈلۈكنى كۆرسىتىمەن!...

— يىلدىرىن، — دېدى ئوفىتسېر ساقچىغا قاراپ، — سەن تەكشۈرۈپ بۇ ئىتنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ، ماڭا دوكلات ياز! بۇ ئىتنى بولسا دەرھال يوق قىلىش كېرەك. چاپسان بول! ھەرگىز ئارقىغا سوزما، ئاڭلىدىڭمۇ؟! بۇ بەلكىم بىر غالجىر ئىت بولسا كېرەك. بۇنى



كىمنىڭ ئىتى دەپ سوراۋاتىمەن؟

— ئېھتىمال، گېنېرال ژىگالوفنىڭ ئىتى بولسا كېرەك، — دېدى توپنىڭ ئىچىدىن بىرى.

— گېنېرال ژىگالوفنىڭكى؟ ھىم، ھىم... قېنى سەن يىلدىرىن، پەلتويۇمنى سالدۇرۇۋەتكىنە.... بۇگۈن ھاۋا نېمىدېگەن ئىسسىق ـ ھە.... قارىغاندا يامغۇر ياغسا كېرەك.... مەن پەقەت بىرلا نەرسىنى چۈشىنەلمەي قالـ دىم. ئۇ سېنى قانداق قىلىپ چىشلىۋالدى؟ — دەپ سورىدى ئوچۇمىلوف خريوكىنگە قاراپ، — سېنىڭ بارـ مىقىڭغا كۈچۈكنىڭ بويى قانداق يېتىدۇ؟ ئۇ كىچىكـ كىنە تۇرسا، سەن بولساڭ راستىنى ئېيتقاندا، شۇنداق قامەتلىك تۇرساڭ! بەلكىم سېنىڭ بارمىقىڭغا مىخ كىرىپ كەتكەن بولسا، كۈچۈككە دۆڭگەپ قويۇپ، كۈـ چۈكنىڭ ئىگىسىدىن تۆلەم پۇلى ئۇندۇرۇۋالماقچى بوـ لۇۋاتقاندۇرسەن! سېنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭ ھەممىگە مەلۇم. مەن سەن ھارامزادىلەرنى ئوبدان بىلىمەن.

— جانابلىرى! ئۇ كۈلكە بولسۇن ئۈچۈن، تاماكىـ سىنىڭ چوغىنى كۈچۈكنىڭ تۇمشۇقىغا يېقىۋىدى، كۈچۈكمۇ ئەخمەق ئەمەستە، ئۇنى غار ـ غۇر قىلىپ چىشلىۋالدى.... بۇ كىشى ئۆزى شۇنداق چاقچاقچى ئادەم، باشلىق....

— يالغان ئېيتىسەن، كاززاپ! كۆرمىگەندىن كېيىن يالغان ئېيتىشنىڭ نېمە ھاجىتى! باشلىق جانابلىرى

ئەقىللىق كىشى، كىمنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى، كىمنىڭ خۇدا ئالدىدا تۇرغاندەك راست ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ، ھەممىسىنى بىلەلەيدۇ.... ئەگەر مەن يالغان ئېيتقان بولسام سوت ھۆكۈم قىلسۇن.

— ياق، بۇ گېنېرالنىڭ ئىتى ئەمەس.... گېنېرالنىڭ بۇنداق ئىتلىرى يوق. ئۇنىڭ ئىتلىرىنىڭ تولىسى ئوۋچى ئىتلار، — دېدى چارلاش ساقچىسى چوڭقۇر ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

— بۇنى سەن ئېنىق بىلەمسەن؟

— ئېنىق بىلىمەن جانابلىرى....

— مەن ئۆزۈممۇ بىلىمەن، گېنېرالنىڭ ئىتلىرى قىممەت باھالىق، ئېسىل نەسىللىك ئىتلار. بۇنىمۇ ئىت دېگىلى بولامدۇ! بەدىنىدە يا يۇڭى يوق، يا تۇرقىمۇ تۇزۇكرەك ئەمەس.... بۇنداق قوتۇر ئىتنى كىممۇ باقار؟ بۇ ئىتنىڭ ئىگىسى ئەقلىدىن ئازغانمۇ ـ نېمە؟ مۇنداق ئىتنى پېتربۇرگ ياكى موسكۋاغا ئاپىرىپ كۆرۈڭلارچۇ، نېمە بولىدىغانلىقىنى شۇ ۋاقىتتا بىلىسىلەر! ئۇ يەردە كىشىلەر قانۇن ـ پانۇن دېگەنگە قاراپ تۇرماستىن، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا ئۇنى جەھەننەمگە يولغا سېلىپ قويغان بولاتتى! سەنچۇ، خريوكىن، خېلى ئازاب چېكىپسەن. بۇ ئىش بىلەن كارىمىز بولمىسا ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش كېرەك! شۇنداق قىلىدىغاننىڭ پەيتى يېتىپ كەلدى!

— بەلكىم گېنېرالنىڭكىدۇ...، ـ دەپ غودۇڭشىدى چارلاش ساقچىسى، — ئۇنىڭ پېشانىسىگە يېزىپ قويۇلمىغان ـ دە.... يېقىندا مەن گېنېرالنىڭ ھويلىسىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىتنى كۆرگەنىدىم.

— راست ئېيتىدۇ، گېنېرالنىڭ بولسا كېرەك، — دېدى كىشىلەر ئارىسىدىن بىرى.

— ھىم ـ ھىم! يىلدىرىن ئۇكام، پەلتويۇمنى كىيگۈزۈپ قويغىنا.... شامال چىقىۋاتامدۇ ـ نېمە؟... بەدىنىم شۈركۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ.... سەن بۇ ئىتنى گېنېرالنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ سوراپ باق، ئىتنى مېنىڭ تېپىۋېلىپ ئەۋەتكەنلىكىمنى ئېيتقىن.... شۇنىمۇ ئېيتىپ قوي، ئۇنى ئەمدى ھەرگىز كوچىغا چىقارمىسۇن.... بەلكىم ئۇ قىممەت باھالىق ئىتتۇ. مۇبادا بۇنىڭغا ئوخشاش توڭگۇزلار ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا تاماكىنىڭ چوغىنى يېقىۋېرىدىغان بولسا، ئىت تېزلا نابۇت بولۇپ كېتىدۇ. ئىت دېگەن نازۇك ھايۋان.... سەن ئەخمەق، قولۇڭنى تۆۋەن چۈشۈر، ئەمدى ئەخمەقلىق قىلىپ، بارمىقىڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋېرىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، ئۆزۈڭنىڭ شورى!...

— گېنېرالنىڭ ئاشپىزى كېلىۋاتىدۇ، شۇ كىشىدىن سوراپ كۆرەيلى!...

— ھەي پلوكور، بۇ ياققا كەلگىنە بۇرادەر! مۇنۇ ئىتقا قاراپ باققىنە... سىلەرنىڭمۇ؟

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟! بىزنىڭ ھېچقاچان بۇنداق ئىتىمىز بولمىغان.

— بۇ توغرىدا سوراپ ئولتۇرۇشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى قالمىدى، — دېدى ئوچۇمىلوف، — بۇ بىر لالما ئىت ئىكەن! ئەمدى ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ ئولتۇرمايلى.... لالما ئىت دەپ ئېيتتىمغۇ، دېمەك ئۇ لالما ئىت.... ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك، ئىش تامام ۋەسسالام.

— بۇ بىزنىڭ ئەمەس، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى پلوكور، — بەلكى گېنېرالنىڭ يېقىندا كەلگەن ئاكىسىنىڭ ئىتى. گېنېرال بۇنداق ئىتقا خۇشتار ئەمەس، ئاكىسى ئامراق ئىكەن.

— ھە، ئۇ كىشىنىڭ ئاكىسى كەلگەنمىدى؟ ۋىلادىمىر ئىۋانىچما؟ — دەپ سورىدى ئوچۇمىلوف چىرايىدىن ئاجايىپ ھاياجانلانغانلىقى چىقىپ تۇرغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ، — بۇنىڭدىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق ئىكەن! مېھمان بولۇپ كەپتىمۇ؟

— ھەئە، مېھمان بولۇپ كەپتۇ....

— بۇنى قارا، يا خۇدا.... ئىنىسىنى سېغىنىپ قالغان ئىكەن ـ دە.... بۇنىڭدىن خەۋەر تاپالماي قاپتىمەن.... ئۇنداق بولسا، بۇ ئىت شۇ مېھماننىڭ ئىكەن ـ دە! تولىمۇ خۇرسەنمەن.... بۇنى ئېلىپ كەتكىن.... خېلى ياخشى كۈچۈكتەك كۆرۈنىدۇ.... ئۆزى ئەقىللىق...، مانا مۇنۇنىڭ بارمىقىنى بىر چىشلەپ قانىتىۋېتىپتۇ،



ھا ـ ھا ـ ھا... نېمە تىترەيسەن؟ ر ـ ر ـ ر...، ر ـ ر... ئاچچىقىنىڭ يامانلىقىغا قارا بۇنىڭ، كۆردۈڭمۇ؟ تېـ رىككەكىنىڭ....

پلوكور ئىتنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ، ئۇنى ئەگەشـ تۈرۈپ ياغاچ زاۋۇتىنىڭ ئالدىدىن كەتتى.... ئولىشىۋالـ غان كىشىلەر خريوكىننى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئالدىرىما، ئەدىپىڭنى بېرىمەن تېخى! — دېدى ئوچۇمىلوف خريوكىنگە تەھدىت سېلىپ.

ئۇ پەلتويىنى چىڭ يۆگەپ، بازار مەيدانى بىلەن يولىنى داۋام قىلدى.

# بىر ئەمەلدارنىڭ ئۆلۈمى

ھاۋا ئوچۇق، چىرايلىق كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى ئىۋان دىمترىچ چېرۋىياكوف ئىسىملىك چىرايلىق، كېلىشكەن بىر خوجىلىق ئىشلىرى ئەمەلدارى تىيا-تىرخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇندۇقلارنىڭ ئىككىنچى قاتارىدا ئولتۇرۇپ، «گېناۋىلىنىڭ قوڭغۇرىقى» ناملىق درامىنى دۇربۇن بىلەن كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ بۇ درامىنى بې-رىلىپ كۆرۈپ، ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىل-دى. لېكىن بىردىنلا ئۇنىڭ تەرى تۈرۈلدى، كۆزلىرىنىڭ پاختىسى چىقىپ، تىنىقى توختاپ قالدى.... ئۇ كۆزلى-رىدىن دۇربۇننى ئېلىۋېتىپ، ئالدىغا ئېگىلىشتى ـ دە، ھەپچۈشە!!! دەپ چۈشكۈردى. ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭ چۈش-كۈرگەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇردى. كىم بولۇشى ۋە قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چۈشكۈرۈشنى ئومۇمەن ھېچكىم چەكلىمەيدۇ ۋە ياكى ئەيىبلىمەيدۇ، دېھقانلار چۈشكۈرىدۇ، ساقچىلارمۇ ئوخشاشلا چۈشكۈرىدۇ، مەسلى-ھەتچىلەر كېڭەشنىڭ مەسلىھەتچىلىرىمۇ بەزىدە چۈشكۈرىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى چۈشكۈرىدۇ ـ دە! شۇڭا چېرۋىياكوف زادىلا ھولۇقۇپ كەتمىدى، بەلكى خۇددى ئەدەپ ـ قائىدىلىك كىشىلەرگە ئوخشاش

يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى ئالدى ـ دە، يۈزلىرىنى سۈرتـ
تى، ئاندىن مەن چۈشكۈرۈپ بىرەر كىشىنى بىسەرەمجان
قىلىپ قويدۇممىكىن دېگەندەك ئەتراپقا قارىدى. لېكىن
ئۇ بۇ بىر قاراش بىلەنلا ھولۇقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كەتـ
تى. چۈنكى ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى 1 ـ قاتاردا ئولتۇرغان
ۋىجىككىنە كەلگەن بىر بوۋاي ياغاق بېشى ۋە بويىنىنى
پەلىيى بىلەن سۈرتۈپ، نېمىدۇر بىرنېمىلەرنى دەپ
غودۇڭشۇۋاتاتتى. چېرۋىياكوف ئۇ ۋىجىك بوۋاينىڭ قاتـ
ناش مىنىستىرلىقىدا مەمۇرىي خىزمەت بىلەن شۇغۇلـ
لىنىدىغان گېنېرال پرىزژالوف ئىكەنلىكىنى تونۇپ
قالدى....

«ئۇنىڭغا تۈكۈرۈكۈمنى چاچرىتىۋەتكەن ئوخشايـ
مەن، — دەپ ئويلىدى چېرۋىياكوف، — ئۇغۇ مېنىڭ
باشلىقىم ئەمەس، باشقا مىنىستىرلىقنىڭ ئادىمى، ئەمما
شۇنداق بولسىمۇ، ياخشى ئەمەستە. ئەپۇ سوراش كېرەك،
ئەلۋەتتە»

چېرۋىياكوف «ئۆھۆ!...» دەپ بىر يۆتىلىۋالدى ـ دە،
بىرئاز ئالدىغا ئېڭىشىپ گېنېرالنىڭ قۇلىقىغا پىچـ
چىرلىدى:

— كەچۈرگەيلا جانابلىرى، ئۆزلىرىگە تۈكۈرۈكۈمنى
چاچرىتىۋەتتىم.... مەن ئېھتىياتسىزلىقتىن...

— ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق...

— خۇدا ھەققى، كەچۈرگەيلا، مەن ئەسلىدە... مەن...

قەستەن قىلمىغانىدىم!

— ۋاي – ۋۇي، جىم ئولتۇرۇپ، مېنى ئويۇن كۆر-گىلى قويسىڭىزچۇ!

چېرۋىياكوف قىزىرىپ كەتتى ۋە مەنىسىز ھىجى-يىپ قويۇپ، ئويۇن كۆرۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، ئۇ ئويۇننى قانچىلىك دىققەت بىلەن كۆرسىمۇ، ئەمدى ئاۋ-ۋالقىدەك ئۇنچىۋالا راھەت ھېس قىلمىدى، بەلكى بىئارام بولۇشقا، خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى. ئارىلىقتىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا، ئۇ پرىززالوفنىڭ يېنىغا كەلدى – دە، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرپەس ئايلىنىپ يۈردى ۋە ئۆزىنىڭ تەشۋىشلىنىپ تۇرغانلىقىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ پىچىرلىدى:

— ئۆزلىرىگە تۈكۈرۈكۈمنى چاچرىتىپ قويدۇم، جانابلىرى... مېنى كەچۈرگەيلا... مەن ئەسلىدە... غەرەز-سىز...

— ۋاي – ۋۇي، خۇدايىم! بولدى قىلسىڭىزچۇ... مەن ئۇنى ئاللىقاچان يادىمدىن چىقىرىۋەتكەنغۇ! نېمىدېگەن تۈگىمىگەن گەپ بۇ! — دېدى گېنېرال تاقەتسىزلەنگەن ھالدا ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

«ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قاتتىق خاپا بولغانلىقى چى-قىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئاللىقاچان يادىمدىن چىقىرىۋەتتىم دەيدىيا تېخى، — دەپ ئويلىدى چېرۋىياكوف گېنېرالغا شۈبھىلىك نەزىرى بىلەن قاراپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە

ئۇ ئارتۇقچە گەپ قىلىشنى خالىمايۋاتىدۇ، بەلكىم مېـ-
نىڭ ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ پۈتۈنلەي مەقسەتسىز ئىكەنلىـ-
كىمنى بىر قۇر چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇم... چۈشكۈرۈشـ-
نىڭ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى ئىـزاھـلاپ
قويۇشۇم كېرەكتۇ. ئۇنداق قىلمايدىغان بولسام، ئۇ مېنى
قەستەن تۈكۈرۈكىنى چاچراتتى دەپ قېلىشى مۇمكىن،
هازىر ئۇنداق ئويلىمىغان بىلەن، كېيىن شۇنداق ئويلاپ
قېلىشى مۇمكىن....»

چېرۋيياكوف ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا، ئـۆزىـنىـڭ
ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويغانلىقىنى خوتۇنىغا ئېيتتى. ئۇ
خوتۇنىنى بۇ ئىشقا پۈتۈنلەي پەرۋاسىز قاراۋاتقاندەك
هېس قىلدى. شۇنداقتىمۇ خوتۇنى دەسلەپتە بىرئاز
قورققاندەك قىلدى، لېكىن پرىبرژالوفنىڭ باشقا مىـ-
نىستىرلىقتا ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن،
كۆڭلى ئەمىن تاپتى.

— شۇنداق بولسىمۇ بېرىپ ئەپۇ سورىغىنىڭىز
ياخشى، — دېدى ئايالى، — ئۇنداق قىلمايدىغان بولسـا-
ڭىز، ئۇ سىزنى ئەل-جامائەت ئارىسىدا ئۆزىنى تۇتالـ-
مايدىغان قىلىقسىز ئادەم ئىكەن دەپ قالىدۇ.

ئەتىسى چېرۋيياكوف يېڭى كاستۇم-بۇرۇلكىسىنى
كىيدى، چېچىنى ياساتتى-دە، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش
ئۈچۈن پرىبرژالوفنىڭ ئۆيىگە باردى.... ئۇ گېنېرالنىڭ
قوبۇلخانىسىدا ئىش بېجىرىش ئۈچۈن كەلگەن

نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى كۆردى. گېنېرال ئۇلارنىڭ ئىلتىماسلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈشى بىلەنلا، كۆزى چېرۋياكوفقا چۈشتى.

— ناۋادا يادىلىرىدا بولسا، جانابلىرى، مەن تۈنۈگۈن...، — دەپ سۆز باشلىدى چېرۋياكوف، — مەن چۈشكۈرۈپ... ئېھتىياتسىزلىقتىن سىلىگە تۇكۇرۇكۇمنى چاچرىتىۋەتكەنىدىم... كەچۈرگەيلا....

— نېمىدېگەن بولمىغۇر گەپ - بۇ.... خۇدايىم توۋا! بۇ زادى قانداق گەپ؟! — دېدى گېنېرال ۋە نۆۋەتتە كەلگەن بىرسىدىن سورىدى، — مەن ياردەم قىلىدىغان بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

«ئۇنىڭ مەن بىلەن گەپلەشكۈسى كەلمىدى بولغاي، — دەپ ئويلىدى چېرۋياكوف ئىچىدە، — ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى، دېمەك ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ.... ياق، بۇنى مۇنداقلا بولدى قىلىشقا بولمايدۇ، مەن ئۇنىڭغا ئېنىق چۈشەندۈرمەي قويمايمەن....»

گېنېرال ئەڭ ئاخىرقى بىر كىشىنىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئىچكەركى ئۆيگە كىرەي دەپ تۇرۇشىغا، چېرۋياكوف ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ كېلىپ قولىقىغا پىچىرلاشقا باشلىدى:

— جانابلىرى! بىھۆرمەتلىك قىلىپ ئۆزلىرىگە كاشىلا بولغان بولسام، ئۇنى پۇشايمان قىلىش ھېسسىياتىدىن

بولغان دېيىشكە بولىدۇ... ئۇنى قەستەن قىلغان ئەمەس-مەن. ئۆزلىرى بۇنىڭغا پۇتۇنلەي ئىشەنسىلە بولىدۇ!

گېنېرال تەلەتىنى يىغا چىراي كىشىلەرنىڭكىدەك پۈرۈشتۈرۈپ، قولىنى سىلكىدى ۋە:

— ۋاي - ۋۇي، ماڭا چاقچاق قىلىۋاتامسىز - نېمە مۆھتەرەم ئەپەندى! — دېدى - دە، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى يېپىۋەتتى.

«بۇنى قانداقمۇ چاقچاق دېگىلى بولسۇن؟ — دەپ ئويلىدى چېرۋىياكوف، — بۇنىڭدا ھېچقانداق بىر چاقچاقنىڭ پۇرىقى يوققۇ؟ ئۇ بىر گېنېرال تۇرۇقلۇق، شۇنىمۇ چۈشەنمىگىنىنى قاراڭ! شۇنداق قىلىپ تۇرسا، يەنە تېخى بۇ ھاكاۋۇردىن ئەپۇ سوراپ ئولتۇراتتىممۇ! بولدى، ئىشىنى قىلسۇن! ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يې-زىپ سېلىۋەتسەملا بولمىدىمۇ. ئەمدى بۇ يەرگە زادىلا كەلمەيمەن! خۇدا ھەققى! ئەمدى پەقەت كەلمەيمەن.»

چېرۋىياكوف مانا مۇشۇنداق خىياللار بىلەن ئۆيگە قايتتى. بىراق ئۇ گېنېرالغا خەت يازالمىدى. ئۇ ئويلى-نا - ئويلىنا، بۇ خەتنى قانداق يېزىش توغرۇلۇق بىر قارارغا كېلەلمىدى - دە، يەنىلا ئەتىسى ئۆزى بېرىپ چۈشەندۈرۈشنى توغرا تاپتى.

— مەن تۈنۈگۈن كېلىپ ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلغان-دىم جانابلىرى، — دېدى ئۇ گېنېرال بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىغان چاغدا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — سىلى ئېيتقاندەك، مەن سىلىگە چاقچاق

قىلىۋاتقىنىم يوق، بەلكى چۈشكۈرگەن ۋاقتىمدا ئۇس-تىلىرىگە تۈكۈرۈكۈمنى چاچرىتىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ كەلگەنىدىم.... ئۆزلىرىگە چاقچاق قىلىش خىيالىمغا كىرىپ- چىققانمۇ ئەمەس. جانابلىرىغا چاق-چاق قىلىشقا نېمە هەددىم؟! ئەگەر بىز چاقچاق قىلىش ئادىتىنى يۇقتۇرۇۋالىدىغان بولساق، ئۇنداقتا كىشىلەرگە بولغان هۆرمەتمۇ قالمايدۇ....

— يوقال كۆزۈمدىن!!! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى گېنېرال. ئۇنىڭ يۈزلىرى بىلەيدەك كۆكىرىپ، پۈتۈن ئەزايى لاغىلداپ تىترەۋاتاتتى.

قورقۇپ كەتكىنىدىن بەدەنلىرى پۈتۈنلەي بوشىشىپ كەتكەن چېرۋىياكوف:

— نېمە؟ — دەپ سورىدى ئاستاغىنە.

— يوقال دەيمەن!!! — دېدى گېنېرال يەرنى قاتتىق تېپىپ تۇرۇپ.

چېرۋىياكوفنىڭ قورسىقىدىن قانداقتۇر بىرنەرسە سۇغۇرۇلۇپ چۈشكەندەك بولدى. ئۇ هېچنېمىنى كۆرەل-مەيتتى، هېچنېمىنى ئاڭلىيالمايتتى. ئۇ بوسۇغىغىچە شوخشۇپ باردى- دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ كوچىغا چىقىپ، ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن يولىغا راۋان بولدى.... ئۇ ئۆيىگە هوشىنى يوقاتقان هالدا قايتىپ كەلدى- دە، ئۇ-چىسىدىكى كاستيۇمىنىمۇ سالماي، ئۇزۇن ساپا ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلىدى ۋە ئۆلۈپ قالدى.

# يايلاق

## 1

ئىيۇل ئېيىنىڭ بىر كۈنى سەھەردە پۈرژىنىسى يوق، كونىراپ كەتكەن بىر پەيتۈن مەلۇم ئۆلكىنىڭ مەلۇم بىر ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ، پوچتا يولى بىلەن بىر خىل ئاۋاز چىقىرىپ كېتىپ باراتتى. پەيتۈندا ھې-لىقى ناھىيە بازىرىنىڭ ئىككى ئاھالىسى ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى سودىگەر ئىۋان ئىۋانىۋىچ كۈزمىچېيېف، يەنە بىرى ھېلىقى ناھىيە بازىرىدىكى سانكىت نىكولاي چېركاۋىنىڭ باشقۇرغۇچىسى پوپ خرىستوفور شىرىد-ئىسكى ئىدى. ئۇلار پەيتۈندا قوي يۇڭى ساتقىلى كېتىپ باراتتى. پەيتۈندا باياتىن قەيت قىلىپ ئۆتكەن ئىككى كىشى ۋە يورغىلاپ كېتىۋاتقان بىر جۈپ چىلان تو-رۇقنى توختىماي قامچىلاپ ئولتۇرغان ھارۋىكەش جىنى-نىسكادىن باشقا، يەنە توققۇز ياشلىق بالا يېگورۇشكامۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن يۈزى ياش يۇقى ئىدى. «يېگورۇشكا» يېگورنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى بولۇپ، ئۇ كۈزمىچېيېفنىڭ جىيەن ئوغلى ئى-دى. ئۇ مۇشۇ مېڭىشىدا مەلۇم بىر جايدىكى مەكتەپكە

ئوقۇغىلى كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ دادىسى 10 ـ دەرىجە-لىك مۇلكىي ئەمەلدار بولۇپ، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاپىسى تۇل قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى كۆزمى-چىيېفنىڭ بىر قورساق ئاچىسى ئىدى. ئۇ زىيالىيلارغا ۋە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىگە تولىمۇ ھەۋەس قىلاتتى، شۇ ۋەجىدىن ئىنىسى يۇك ساتقىلى ماڭغاندا، ئۇنىڭغا يېگورۇشكانى ئېلىۋېلىپ مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغانىدى. ناھىيە بازىرىدىن چىققىسىلا كەڭ كەتكەن دالا ئىدى. يېگورۇشكا ناھىيە بازىرىغا ئاخىرقى قېتىم بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، يۈزىنى جىيىنىسكانىڭ بىلىكىگە يېقىپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى....

— ھەي يىغلاڭغۇ، يىغلاپ قانمىدىڭمۇ؟ — دېدى كۆزمىچىيېف، ـ بىر تەرەپتىن پوتلاڭنى ئېقىتساڭ، بىر تەرەپتىن كۆزۈڭنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتىسەن. ئەركە با-لىدە سەن، بارغۇڭ بولمىسا بارما، ھېچكىم زورلىمىدىغۇ؟!

— بولدى قىل، بولدى، يېگورۇشكا، بولدى قىل...، ـ دېدى پوپ خىرىستوفۇر تەسەللى بېرىپ، — بولدى يىگىت، پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئېيت، بۇ قېتىم مەكتەپكە بېرىشىڭ سەن ئۇچۇن زىيانلىق ئەمەس، بەلكى پايدىلىقتۇر. كونىلاردا بىلىم يورۇقلۇقتا، بىلىمسىزلىك قاراڭغۇ ـ زۇلمەتكە ئوخشايدۇ، دېگەن گەپ بار.... ھەقىقەتەن شۇنداق.

— قايتىپ كېتەمسەن؟ — دەپ سورىدى كۆزمىچىيېف.

— شۇنداق، قايتىپ كېتىمەن...، — دېدى يېگورۇشكا يىغلاپ تۇرۇپ.

— بىلىم بەزىلەرگە نەپ بەرسە، بەزىلەرنىڭ كاللىسىنى قوچۇۋېتىدۇ، — دېدى كۇزمىچىيېۋ گەپ باشلاپ، — ئاچام ئىش ئۇقمايدىغان ئايال. ئۇ يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىدەك تۇرمۇش كەچۈرىمەن دەپلا سېنى بىلىملىك ئادەم قىلىپ چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ. بىراق سېنى ئۆزۈمگە ئوخشاش سودىگەر قىلىپ تەربىيىلەپ چىقسام، بىر ئۆمۈر باياشات كۈن كەچۈرىدىغانلىقىڭلارنى چۈشەنمەيدۇ. ساڭا دېسەم بارغۇ، ناۋادا ھەممە ئادەم بىلىم ئېلىپ، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىدىن بولماقچى بولسا، سودا قىلىدىغان ئادەم، تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقان قالمايدۇ. ئۇنداقتا، كىشىلەر ئاچ قېلىپ ئۆلمەمدۇ؟ بىراق ھەممە ئادەم تىجارەت قىلسا، تېرىقچىلىق قىلسا، بىلىم ئالىدىغانغىمۇ ئادەم قالمايدۇ ـ دە!

شۇ تاپتا يولۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا چەكسىز كەتكەن تۇزلەڭلىك، تۇتاش كەتكەن ئېدىرلىقلار نامايان بولۇشقا باشلىدى. بۇ تۇزلەڭلىكنى بىر ـ بىرىگە ئۇلشىپ كەتكەن ئېدىرلىقلار پات ـ پات ئۈزۈپ قوياتتى. بۇ ئېدىرلىقلار بىرلىشىپ بىر ئېگىزلىكنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇپۇققىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى ۋە ناھايىتى يىراقتىكى سۇس سۆسۈن رەڭلىك جايدا غايىب بولاتتى. پەيتۇن شۇنچە ماڭسىمۇ،

تۇزلەڭلىكنىڭ نەدىن باشلىنىپ، نەدە تۈگەيدىغانلىقىنى ھېچ كۆرگىلى بولمايتتى.... قۇياش شەھەرنىڭ كەينە-دىن بېشىنى چىقىرىپ مارىلاپ، تۇيدۇرماي، ئالدىرىماي ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. پۈتكۈل تۇزلەڭلىكتە ئەتىگەنكى خىرەلىك يوقاپ، تەبەسسۇم جىلۋىلىنىشكە، شەبنەملەر پارقىراشقا باشلىدى. ئورۇۋېلىنغان قارا بۇغ-داي، ئوت – چۆپلەر، سۇتلۇك ئوت، ياۋا كەندىرلەر ئاپتاپتا سارغىيىپ كەتكەن، بەزىلىرى قىزىرىپ سولىشىپ قال-غانىدى. ئۇلار مانا ئەمدى شەبنەم بىلەن ئۇچرىشىپ، قۇياش نۇرىنىڭ ئەركىلىتىشى بىلەن يەنە جان كىرىپ، قايتىدىن چېچەكلەشكە باشلىدى. بېلىقئالغۇچ بالىلىرى كۆكتە پەرۋاز قىلىشاتتى. سىبىرىيە سېرىق چىپار چاشقانلىرى چۆپلەر ئارىسىدا ئوينىشاتتى. سول تەرەپتە، ناھايىتى يىراق بىر جايدىن ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ غەمكىن ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بىر توپ ئورمان كەكلىكلىرى ھارۋا ئاۋازىدىن ئۈركۈپ ئۇچۇپ كەتتى. چۆپلۈكتە تومۇزغا دەمسىز، چېكەتكە ۋە قارا چېكەتكە دەمسىز، موزايۋېشى دەمسىز ھەممىسى بىر خىل، بىر خىللا ئاۋازدا سايرى-شاتتى. لېكىن بىردەمدىن كېيىن شەبنەممۇ پارغا ئاي-لىنىپ، ھاۋا بىر ئىزدا توختاپ قالغاندەك ھالەت شە-كىللەندى. ئالدانغان يايلاق ئىيۇل ئېيىدىكىدەك روھسىز تۇسكە كىردى. ئوت – چۆپلەر سولاشتى، پۈتكۈل ھاياتلىق ئۆز جايىدا توختاپ قالغاندەك مەنزىرە پەيدا

بولدى. ئەتراپ تولىمۇ زىرىكىشلىك، سولغۇن كۆرۈنەت-
تى. پەيتۇن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. يېگورۇش-
كانىڭ كۆز ئالدىدا يەنىلا شۇ نەرسىلەر — كۆپكۆك
ئاسمان، تۇزلەڭلىك، ئېدىرلىقلار... نامايان بولاتتى. ياي-
لاقتىكى مۇزىكا ساداسى توختاپ قالغانىدى. بېلىقئالغۇچ
بالىلىرى ئۇچۇپ كەتكەن، ئورمان كەكلىكلىرىمۇ كۆ-
رۈنمەيتتى، ئاق تۇمشۇق قاغىلارمۇ قىلىدىغان ئىش تا-
پالمىغاندەك سولىشىپ قالغان ئوت-چۆپلۈكلەر ئارى-
سىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يايلاقنى
ئوخشاشلا تېخىمۇ مەنىسىز قىلىۋەتكەنىدى.

بۇغدايلىقلار غايىب بولۇپ، يەنە چۆلدەرەپ قالغان
تۇزلەڭلىك نامايان بولدى. قۇياش تاغلارنى قىزدۇرۇۋەت-
كەنىدى، پوپ خرىستوفور بىلەن كۇزمىچېيېف ئۇن
چىقارماستىن ئۇلتۇرۇشاتتى، جىنىنىسكا پات-پات چى-
لان توروق ئاتلارنى قامچىلاپ قوياتتى ۋە ئاتلارغا توخ-
تىماستىن بىرنەرسىلەرنى دەيتتى. يېگورۇشكا ئەمدى-
لىكتە يىغلىماي ئەتراپقا ئىرەنسىزلىك بىلەن سەپسال-
دى. تومۇزدىكى ئىسسىق ۋە زېرىكىشلىك يايلاق ئۇنى
روھسىز قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭغا پەيتۇن بىلەن نا-
ھايىتى ئۇزۇن يول يۈرگەندەك بىلىنەتتى. ئۇلار ئون
رۇس چاقىرىمى ماڭا-ماڭمايلا ئارام ئېلىش كويىغا
چۈشكەنىدى. يېگورۇشكانىڭ تاغىسىنىڭ چىرايىدىكى
مۇلايىم ئىپادىلەر ئاللىقاچان يوقالغان ۋە جىددىي،

سوغۇق تۇس ئالغانىدى. بۇنداق سوغۇق چىراي، بولۇپمۇ ئۇ كۆزەينەك تاقىغان، بۇرنى بىلەن چېكىسىنى توپا ـ چاڭ باسقان چاغلاردا، ساقال ـ بۇرۇتلىرى پاكىز قىرىلـ. غان ياغاق يۇزىنى سوراقچىنىڭ چىرايىغا ئوخشاش شەپقەتسىز تۇسكە كىرگۈزۈپ قوياتتى. پوپ خرىستوفور بولسا پەرۋەردىگار ياراتقان بۇ ئالەمگە قىزىقسىنغان، ئەـ. جەبلەنگەن هالدا قاراپ ـ قاراپ تويمايتتى.

— هوي جېنىنىسكا، بۇگۈن ئاشۇ كارۋانلارغا يېتىـ. شەلەمدۇق؟ — دەپ سورىدى كۇزمىچيېۋ. جېنىنىسكا ئاسمانغا تازا بىر قارىۋېتىپ، ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويۇپ، ئاتلارغا قامچا سالدى ـ دە، ئاندىن جاۋاب بەردى:

— خۇدا بۇيرۇسا، كېچىدە ئۇلارغا يېتىشىۋالىمىز....

ئىتلارنىڭ هاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، يايلاقتىكى ئالتە پادىچى ئىتى گويا مارىلاپ ياتقان يېرىدىن ئۇشـ. تۇمتۇت سەكرەپ قوپقاندەك، ئاچچىق قاۋاپ پەيتۇن تەـ. رەپكە ئېتىلىپ كېلىشتى، ئۇلارنىڭ ئەلپازى تولىمۇ يامان ئىدى، يۇمشاق يۇڭلىرى ئۆمۈچۈك تورلىرىغا ئوخشاش يۇز ـ كۆزلىرىنى قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار غەـ. زەپ بىلەن كۆزلىرىنى قىزارتىشىپ، پەيتۇننى ئورىۋېـ. لىشتى ۋە هە دەپ هارۋا ئەتراپىغا قىستاپ كېلىپ، جېنىنىنىڭ بارىچە قاۋاشقا باشلىدى. ئۇلار شۇ ئەلپازدا ئاتلارنى، پەيتۇن ۋە ئادەملەرنى بىراقلا چايناپ پۇركۇۋېـ. تىدىغاندەك قىلاتتى.... جېنىنىسكا ئىتلارنى ئەخمەق

ئىتتىپ جىلە قىلىشقا، قامچا بىلەن ئۇرۇپ ئويناشقا ئامراق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن پۇرسەت كەلدى دەپ ئۇنىڭ گۇلقەقەلىرى ئىچىلىپ كەتتى، ئۇ قامچىنى ئېلىپ ئىتلارنى ساۋاشقا باشلىدى. ئۇ جانىۋارلار تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كەتتى. ئاتلار شۇنچىلىك تېز چاپاتتىكى، يېگورۇشكا پەيتۇندا ناھايىتى تەستە ئولتۇراتتى. ئۇ ئىتلارنىڭ كۆزى ۋە چىشلىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى، ئۇ كۆڭلىدە، ناۋادا شۇ تاپتا پەيتۇندىن يىقىلىپ چۈشسەم، ئىتلار مېنى چىشلەپ گۆشلىرىمنى پارە - پارە قىلىۋېتەر - ھە! دەپ ئويلايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئازراقمۇ قورقمايتتى، بەلكى جېنىنىسكا بىلەن بىرگە ئىتلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن ھوزۇرلىنىپ، ئۆزىنىڭ قولىدا قامچا بولمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ ئولتۇراتتى.

## 2

چۈش بولاي دېدى. پەيتۇن چوڭ يولدىن چىقىپ ئوڭغا قايرىلىپ، بىرقانچە قەدەم مېڭىپلا توختىدى. يېگورۇشكا يېقىملىق شىلدىرلىغان ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ يۈزىگە ئادەتتىكىدىن باشقىچە ھاۋا، خۇددى مامۇقتەك بىرنەرسە ئۇرۇلغاندەك بولدى. بۇ يەردە تەبىئەت دۇنياسى ئاجايىپ - غارايىپ يوغان تاشلاردىن ھاسىل قىلغان كىچىك بىر تاغنىڭ كەينىدىن ئېقىپ كېلىۋاتقان

سۇ بار ئىدى. بۇ سۇ قايسى بىر ئاق كۆڭۈل كىشى تەرىپىدىن ئورنىتىپ قويۇلغان ئىنچىكە نور ئارقىلىق ئېقىپ ئۆتۈپ، كىچىككىنە بىر ئېرىقنى ھاسىل قىلـ. غانىدى. يولۇچىلار ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئالغاچ ئاتلىرىنى سۇغىرىشاتتى. كۇزمىچىيېف، پوپ خرىستو. فور، يېگورۇشكالار پەيتۇن ۋە پەيتۇندىن چىقىرىۋېتىلـ. گەن ئاتلارنىڭ كۆلەڭگىسىگە ئەديالنى سېلىپ ئولتۇ. رۇپ غىزالىنىشقا باشلىدى. پوپ خرىستوفور يېگورۇش. كاغا ئامراقلىقى كېلىپ قاراپ قويدى ـ دە، نېمىنىدۇر بىرنەرسىنى چايناپ تۇرۇپ دېدى:

— مەنمۇ مەكتەپتە ئوقۇغان، ناھايىتى كىچىك ۋاقتىمدىلا پەرۋەردىگار ماڭا ئىدىيە ۋە چۈشىنىشنى ئاتا قىلغان. شۇڭا مەن باشقىلارغا ئانچە ئوخشىمايمەن. سەندەك چېغىمدا مەن خېلىلا ئەقىللىق بولغاچقا، ئاتا ـ ئانام ۋە ئۇستازلىرىم خېلى تەسەللى تاپقانىدى. 15 ياشقا توشماي تۇرۇپلا لاتىنچە سۆزلىيەلەيدىغان بولغان. لاتىن يېزىقىدا شېئىرلارنى يازالايتتىم، رۇسچە سۆزلىگەندەك، رۇسچە شېئىر يازغاندەكلا ياخشى يازالايتتىم.... قارا با. لام، بۇرۇنتوم خەت تارتماي تۇرۇپلا لاتىنچە، گرېكچە، فرانسۇزچە كىتابلارنى ئوقۇيالايتتىم؛ پەلسەپە، ماتېماتىـ. كا، تارىخ ۋە ھەر خىل پەنلەرنى ئۆگەنگەنىدىم. پەرۋەر. دىگار ماڭا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئاتا قىلغانىكەن. بىرەر ماقالىنى ئىككى

قىتىم ئوقۇسامىلا ئىسىمدە قالاتتى. ئوقۇتقۇچۇم بىلەن ھىمايىچىم بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، كەلگۈسىدە مەشھۇر ئالىم، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ماياكى بولغۇدەكسەن، دېيىشەتتى. ئۆزۈمنىڭمۇ كىيىۋغا بىرىپ داۋاملىق ئوقۇغۇم بار ئىدى. ئەپسۇس، دادام بىلەن ئاپام ئۇنىمىغان.

— سەن ئۆمۈر بويى ئوقۇماقچىمۇ؟ — دەيتتى دادام، — قاچانمۇ ئوقۇپ بولارسەن، سىنىڭ ئوقۇشۇڭ زادى قاچان تۈگەر؟! بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرماي، ئىش تىپىپ قىلدىم. ئەلۋەتتە ئالىممۇ بولالمىدىم. بىراق ئاتا ـ ئانامغا ۋاپاسىزلىق قىلمىدىم، ئۇلار ياشانغاندا ئوبدان كۈتتۈم، باقتىم. ئۇلار قازا قىلغاندا، ئۆز قەدىر ـ قىممىتى بىلەن يەرلىكىگە قويدۇم. گەپ ئاڭلاش پەرھىز تۇتۇش ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشتىنمۇ مۇھىم.

— شۇ چاغدا ئالغان بىلىملىرىڭىزنى ھازىر ئۇنتۇپ كەتكەنسىز، ئېھتىمال، — دېدى كۈزمىچىيېف.

— ئۇنتۇپ كەتمەي ئەمسە! پەرۋەردىگارغا شۈكرى، يېشىم 80 دىن ئاشتى! پەلسەپە ۋە ئىستىلىستىكىلار ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئىسىمدە بولسىمۇ، ئەمما چەت ئەل تىللىرى بىلەن ماتېماتىكىنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن.

— جىنىنىسكا، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ بۇياققا كېلىپ بىرنەرسە يەۋېلىڭ، — دېدى كۈزمىچىيېف

چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، بۇ ئۇنىڭ مېنىڭ قورسىقىم تويدى دېگىنى ئىدى.

جېننىسكا ئەدىيال سېلىنغان جايغا ئالدىرىماي كېلىپ، ھەم توم، ھەم سېرىق تەرخەمەكتىن بەشنى، قارىداپ ھەم يېرىلىپ كەتكەن پىشىشىق تۇخۇمدىن ئىككىنى ئالدى، ئاندىن داستىخانغا ئۇزاتقان قولىغا بىرسى ئۇرىدىغاندەك ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، گۆشناننى بارمىقى بىلەن چېكىپ باقتى.

— ئېلىڭ، قېنى ئېلىڭ! — دەپ ئىشارەت قىلدى كۇزمىچېيېف.

جېننىسكا گۆشناننى ئېلىپلا نېرىراققا بېرىپ، پەيتۇنغا دۈمبىسىنى قىلىپ يەردىلا ئولتۇردى. ئۇياقتىن نانني چايىنىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ھەتتا ئاتمۇ بېشىنى بۇراپ ئىككىلەنگەندەك جېننىسكاغا قاراپ قويدى. كۇزمىچېيېف غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، پەيتۇندىن نېمىدۇر بىرنەرسە قاچىلانغان خالتىنى ئې-لىپ، يېگورۇشكاغا قاراپ:

— مەن بىردەم ئۇخلىۋالاي، سەن بۇ خالتىغا ئوبدان قارا، ئۇنى باشقىلار بېشىمنىڭ ئاستىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ كەتمىسۇن، — دېدى.

كۇزمىچېيېف بىلەن پوپ خرىستوفور چاپانلىرىنى سېلىپ، پەيتۇننىڭ سايىسىدە بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل يې-تىشىپ كۆزلىرىنى يۇمۇشتى. جېننىسكامۇ غىزالىنىپ

بولغاندىن كېيىن ئاپتاپتا ئوڭدىسىغا يېتىپ كۆزىنى يۇمدى.

— ئوبدان قارا، ئاتلارنى باشقىلار يېتىلەپ كەتمىسۇن، — دېدى يېگورۇشكاغا ۋە ئۇمۇ دەرھال كۆزىنى يۇمدى.

ئەتراپ جىمجىت، ئازراقمۇ تىۋىش ئاڭلانمايتتى، ئاتلارنىڭ خارتىلدىغان ۋە ماكاشلىغان ئاۋازى، ئۇخلاۋاتقانلارنىڭ خورەك ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى.

يېگورۇشكا غىزالىنىپ بولدى. ھاۋا دىمىق بولغاچقا، ئىسسىقتا دەم ئالالماي قالدى. تاغىسى بىلەن پوپ خرىستوفور تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. يېگورۇشكا ئۇخلاۋاتقانلارنىڭ چىرايلىرىغا قاراپ ئولتۇرغىنىدا، قەيەردىندۇر يېقىملىق ناخشا ساداسى ئاڭلاندى: يىراقتا، نەدىدۇر بىر جايدا بىر ئايال ناخشا ئېيتىۋاتاتتى؛ يېگورۇشكا ئەتراپقا قاراپ بېقىپ، ناخشا ساداسىنىڭ قاياقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى. تازا زەن سېلىپ ئاڭلىۋىدى، ئەتراپىدىكى ئوت ـ چۆپلەر ناخشا ئېيتىۋاتقاندەكلا بىلىندى. ئوت ـ چۆپلەر سولىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ناخشىسىنىڭ تېكىستىمۇ يوق ئىدى. ئەمما كىمگىدۇر بىرسىگە ئۆزلىرىنىڭ ھېچقانداق گۇناھى بولمىسىمۇ، قۇياشنىڭ بىكاردىن ـ بىكارغىلا قىزدۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ بەكمۇ ياشىغۇسى بارلىقىنى، تېخى ياش ئىكەنلىكىنى، ھاۋا ئىسسىق، قۇرغاق

بولمىغان بولسا، ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ تىمەن ئۆسۈپ چىرايلىق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، گۇناھسىز بولسى-مۇ، ئەمما كىشىلەردىن كەچۈرۈم سورىغانلىقىنى سە-مىمىيلىك بىلەن غەمكىن سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك قى-لاتتى، يەنە ئۆزلىرىنىڭ چىدىغۇسىز دەرد ـ ئەلىمىنى، قايغۇ ـ ھەسرىتىنى تۆكۈپ، ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىۋاتاتتى....

يېگورۇشكا بىرپەس ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ ھەس-رەتلىك ئۇزۇن ناخشا خۇددى ھاۋانى تېخىمۇ دىمىق قى-لىۋەتكەندەك، تېخىمۇ ئىسسىتىۋەتكەندەك، بىر ئىزىدا توختىتىپ قويغاندەك ھېس قىلدى....

ئۇ بۇ ناخشىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى ۋە يېكەنلىك تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ يەردە ئۇ ئەتراپقا سەپسىلىپ قاراپ، ناخشا ئېيتقۇچىنى مىڭ تەسلىكتە كۆرەلىدى. مەھەل-لىنىڭ چېتىدىكى بىر كەپىنىڭ قېشىدا ئۈچىسىغا كوپتا كىيىۋالغان، خۇددى سۇر لەيلەكتەك ئۇزۇن پاچاق دېھقان ئايال بىرنەرسە تاسقاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆتكەمىسى-دىن ئاپئاق ئۇندەك بىرنەرسە چۈشۈۋاتاتتى. يېگورۇشكا ناخشىنى شۇ ئايالنىڭ ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئەمدى بىلدى. ئۇنىڭدىن بىر سازېن (2.134 مېتىرغا تەڭ ئۇزۇنلۇق بىرلىكى) يىراقلىقتا ئايالچە كۆڭلەك كىيىۋالغان يالاڭ-ۋاش بىر ئوغۇل بالا جىمجىت ئۆرە تۇراتتى. ئۇ گويا ھېلىقى ئايالنىڭ ناخشىسىغا مەپتۇن بولۇپ قالغاندەك

تۆۋەن تەرەپكە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئېھتىمال يېگورۇشكانىڭ قىزىل كۆڭلىكىگە قاراپ تۇرغان بولسا كېرەك.

ناخشا ئاۋازىمۇ توختاپ قالدى. يېگورۇشكا ئۇيان ئايلىنىپ ـ بۇيان ئايلىنىپ، پەيتۇننىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى. قىلىدىغان باشقا ئىشى بولمىغاچقا، يەنە سۇ بويىغا بېرىپ سۇ ئىچتى. مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. ناخشىنى تاغ باغرىغا جايلاشقان ھېلىقى مەھەللىدىكى ئۇزۇن پاچاق ئايال ئېيتىۋاتاتتى. يېگورۇشكانىڭ يەنە ئىچى پۇشۇشقا باشلىدى. ئۇ سۇ بويىدىن ئايرىلىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قارىدى. ئۇ شۇنداق بىر قارىۋىدى، ھەقىقەتەنمۇ كۈتۈلمىگەن ئىش بولدى ـ دە، ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كەتتى، ئۇنىڭغا يېقىنلا جايدىكى بىر يوغان تاش ئۈستىدە كۆڭلەك كىيگەن، قورسىقى تومپىيىپ چىققان، پۇتلىرى ئىنچىكە سېمىز بىر بالا تۇراتتى، ئۇ دەل ھېلىقى دېھقان ئايالنىڭ قېشىدا تۇرغان بالا ئىدى. ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ، كۆزلىرىنى يېگورۇشكانىڭ قىزىل كۆڭلىكى ۋە پەيتۇنغا تىككەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھەيرانلىق ۋە سەل قورقۇش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ گويا باشقا بىر دۇنيادىن كېلىپ قالغان بىر ئەرۋاھنى كۆرۈپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدى. كۆڭلەكنىڭ قىزىل رەڭگى ئۇنى مەپتۇن قىلىۋالغان، قاتتىق تەسىرلەندۈرگەنىدى.

پەيتون ۋە ئۇنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان كىشىلەر ئۇنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغانىدى. بەلكىم ھېلىقى قىزىل رەڭ ۋە قىزىقىش ئۇنى كەنتتىن جەلپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئېھتىمال ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرىكىنىڭ قاپتەك ئىكەنلىكىگە ھەيران قې-لىۋاتقان بولسا كېرەك. يىگورۇشكا ئۇنىڭغا خېلى بىر چاغقىچە قاراپ تۇردى، ئۇمۇ يىگورۇشكاغا خېلىغىچە قاراپ تۇردى. ئۇلار بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلىشماي تۇرغاچقا، ئوتتۇرىدا بىر قىسىملا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. خېلىغىچە جىم تۇرغاندىن كېيىن، يىگورۇشكا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئىسمىڭ نېمە؟

بۇ ناتونۇش بالىنىڭ مەڭزى ئىلگىرىكىدىنمۇ دوم-بايغانىدى، ئۇ تاشقا دۈمبىسىنى قىلىپ تۇرۇپ كۆزلى-رىنى چەكچەيتكەن، كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرگەن ھالدا، بوغۇق ئاۋازدا:

— كىت، — دېدى.

ئىككى بالا شۇنىڭدىن كېيىن قايتا گەپ - سۆز قىلىشمىدى. يەنە بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن، ھېلىقى سىرلىق بالا كىت يىگورۇشكاغا يەنىلا تىكى-لىپ قاراپ تۇرۇۋەردى. ئۇ كەينىگە داجىپ دەسسىگۈدەك بىر جاينى تېپىپ تاش ئۈستىگە كەينىچىلەپ چىقىپ، شۇ يەردىن كەينىگە داجىغاچ، يىگورۇشكاغا كەينىدىن

كېلىپ ئۇرۇۋەتمىسۇن دېگەندەك تىكىلىپ قاراپ تۇردى، ئۇ شۇ تەرىقىدە تاغ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، كۆزدىن غايىب بولدى. يېگورۇشكا ئۇ كېتىپ بولغۇچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن تىزىنى قۇچاقلاپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.... ئاپتاپ ئۇنىڭ گەجگىسىنى قىزدۇراتتى! مۇڭ- لۇق ناخشا ئاۋازى بىردەم توختاپ قالاتتى، بىردەم دىمىق ھاۋادا يەنە ياڭرايتتى. ئېرىقتا شىلدىرلاپ سۇ ئېقىۋاتات- تى، ئاتلار بوغۇز يېيىشىۋاتاتتى، ۋاقىت جىمجىت ئۆت- مەكتە، ئەتىگەندىن ھازىرغىچە گويا بىر يىل ئۆتۈپ كەتكەندەك بىلىنمەكتە ئىدى.... پەرۋەردىگار يېگورۇشكا، پەيتۇن ۋە ئاتلارنى مۇشۇ يەردە خۇددى تاغقا ئوخشاش مەڭگۈ تۇرسەن دەۋاتامدۇ ـ نېمە؟

يېگورۇشكا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، كۆزىنى يۇمدى....

بىرىنچى بولۇپ جېنىنىسكا ئويغاندى. ئۇنى نېمىدۇر بىرنەرسە چېقىۋالدى بولغاي، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە مۇرىسىنى قاشلىدى:

— ھۇ ئۆلگۇر! سېنى مىجىپ ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام! ئاندىن ئۇ سۇ بويىغا بېرىپ سۇ ئىچتى، يۈزىنى بىر ھازاغىچە يۇيدى. ئۇنىڭ چۇشكۇرۇشى ۋە سۇنى شا- لاقشىتىشى يېگورۇشكانى چالا ئۇيقۇدىن چۆچۈتۈپ ئويغىتىۋەتتى، ھېلىقى بالا ئۇنىڭ ھۆل، سەپكۈن باسقان يۈزىگە قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يۈزى خۇددى مەرمەر تاشقا ئوخشايتتى.

— ھازىرلا ماڭامسىلەر؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى ئوغۇل بالا.

جېنىنىسكا بېشىنى كۆتۈرۈپ كۇنگە تازا بىر قاراپ ۋېتىپ:

— ھازىرلا مېڭىشىمىز مۇمكىن، — دەپ جاۋاب بەردى.

پەيتۇن تۇۋىدىن ئۇزاق ئەسنىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، كۇزمىچىيېف ئويغانغانىدى. ئۇ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، يىراققا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئويغىنىپلا قوي يۇڭى بىلەن ۋالراموفنى يادىغا ئالغانلىقى كۆزىدىنلا بىلىنىپ تۇراتتى.

— خرىستوفور پوپ، قوپۇڭ، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى، — دېدى ئۇ ئالدىراپ، — ئۇخلاۋېرەمسىز؟ ھېلىمۇ نۇرغۇن ئىشلىرىمىز قېپقالدى! جېنىنىسكا، پەيتۇنغا ئاتلارنى قوشۇڭ!

پوپ خرىستوفور ئويغاندى، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇخلىغان ۋاقىتتىكى تەبەسسۇم تېخى كەتمىگەنىدى. ئۇ يۈزىنى يۇيۇپ، كىيىمىنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن، يانچۇقىدىن ئالدىرىماي كىرلىشىپ كەتكەن بىر شېئىرلار توپلىمىنى ئېلىپ، كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ پەس ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى ۋە مەيدىسىگە كرېست بەلگىسىنى سىزىپ قويدى.

— خرىستوفور پوپ، — دېدى كۇزمىچىيېف

ئەيىبلەش ئاھاڭىدا، ـ ماڭايلى، ئاتلارنى پەيتوْنغا قوشوْپ بولدى، سىززە، تازىموْ....

— مانا، ھازىرلا تەييار بولىمەن، ھازىرلا...، — دېدى پوپ خرىستوفور بىرنەرسىلەرنى غودوْڭشىپ، — موْقەددەس شېئىرنى ھامان ئوقوْش كېرەكقوْ.... بوْگوْن تېخى ئوقوْمىغانىدىم.

پەيتوْن بىر مىنوْتتىن كېيىن يولغا چىقتى. يولوْچىلارغا پەيتوْن ئالدىغا ئەمەس، گويا كەينىگە كېتىۋاتقاندەك، كوْز ئالدىدىكى مەنزىرە چوْشتىن بوْروْن كوْرگەن مەنزىرىلەرگە ئوْپموْ ئوخشاشتەك توْيوْلاتتى، قوْياشموْ غەربكە قىيسىيىشقا باشلىدى. يايلاق، تاغلار ۋە ھاۋاموْ بېسىمغا چىدىيالماي، سەۋر قاچىسى تېشىپ ھالىدىن كەتمەكتە ۋە ئوْستىدىكى ئاسارەتتىن قوْتوْلوْش ئوْچوْن تىركەشمەكتە ئىدى. كوْتوْلمىگەن يەردىن بىر توپ شالاڭ، كوْل رەڭ بوْلوْت تاغ كەينىدىن چىقىپ كەلدى. ئوْلار يايلاققا كوْزىنى قىسىپ، «بىز تەييار بولدوْق» دېگەندەك قىلاتتى، ھاۋا توْتوْلدى. توختاپ قالغان ھاۋادا بىردىنلا نېمىدوْر بىرنەرسە پارتلىغاندەك قىلىۋۋدى، توساتتىنلا قارا قوْيوْن كوْتوْروْلوْپ، يايلاق ئوْستىدە ئايلىنىشقا، ھوْشقىيتىشقا، ھوْۋلاشقا باشلىدى. بوْ يىل كوْكلەپ چىققان ئوت ـ چوْپلەر ۋە قوْروْپ قالغان بوْلتوْرقى چوْپلەردىن شىلدىرلىغان ئاۋاز چىقىشقا باشلىدى. چوڭ يولدىن توپا ـ چاڭلار كوْتوْروْلوْپ يايلاق تەرەپكە

بېسىپ كەلدى ـ دە، بوغداي غولى، يىڭناغوچ، پەي دېگەندەك نەرسىلەرنى تورتوپ ئۇچۇرۇپ، گويا پىرقىرا- ۋاتقان قاپقارا تۇۋرۇككە ئوخشاش ئاسمان قەرىگە ئېلىپ چىقىپ، قوياش نۇرىنى توسۇۋالدى. يايلاقنىڭ ھەممە يېرىدە ياۋا كەندىرلەر شامالدا قۇشقاچتەك ئاسمانغا ئۇ- چۇپ چىقىپ، ئۇچا ـ ئۇچا ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كۆز- دىن غايىب بولدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ياۋا كەندىرلەر بى- رىنىڭ كەينىدىن بىرى دېگۈدەك ئۇچۇرۇپ كېتىلدى. يېگورۇشكا ئىككى توپ ياۋا كەندىرنىڭ كۆپكۆك ئاسمان قەرىدە خۇددى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقاندەك ئۆزئارا چىرمىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

تاغ كەينىدىن گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلىنىپ، سال- قىن شامال چىقىشقا باشلىدى. جىنىنىسكا خۇشاللىقىدا ئىسقىرتىپ قويدى ـ دە، ئاتلارغا قامچا سالدى. پوپ خرىستوفور بىلەن كۇزمىچېيېف شلەپىلىرىنى چۆكۈ- رۈپ كىيىشىپ، يىراقتا كۆرۈنگەن تاغقا نەزەر سالدى.... يامغۇر تازا بىر يېغىۋەتكەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!

يەنە ئازراق كۈچىۋەتسە، يەنە ئازراق تىركەشسە يايلاق گويا ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولىدىغاندەك قىلاتتى. ئەمما كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان بىر خىل كۈچ شامال بىلەن ھاۋانى ئاستا ـ ئاستا ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغاندەك چاڭ ـ توزانلار بېسىقتى، شۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق ئىش

بولمىغاندەك ئەتراپنى يەنە جىمجىتلىق باستى. بولۇتلار بولسا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشتى. ئاپتاپتا قىزىپ كەتكەن تاغ قوشۇمىسىنى تۇردى، ھاۋامۇ ئىتائەت قىلغاندەك تىنچلىنىپ قالدى. پەقەت ئۇركۇپ كەتكەن ئاشۇ ئىتىز ياۋا ئۆردەكلىرىلا نەدىدۇر بىر يەرلەردە ئېچىنىشلىق نالە قىلىپ، ئۆز تەقدىرىدىن ئاغرىنماقتا ئىدى....

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي گۇگۇم چۈشتى.

## 3

گۇگۇمدا، ئۆگزىسىدىكى قاڭالتىرلىرى داتلىشىپ قىزىرىپ كەتكەن ۋە دېرىزىلىرى قاپقاراڭغۇ يوغان بىر ئۆي غۇۋا كۆرۈندى، ئۇ بىر ئۆتەڭ ئىدى. پەيتۇن رېشاتكا بىلەن توسۇپ قويۇلغان ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىشىغىلا، ئۆي ئىچىدىن كۈلكە ساداسى ئاڭلاندى. ئۇ كۈلگەنلەرنىڭ بىرى ئەر، يەنە بىرى ئايال ئىدى. ئاستىغا غالتەك بېكىتىلگەن ئىشىك غىچىلداپ ئېچىلىشىغىلا پەيتۇننىڭ يېنىدا ئېگىز، ئورۇق بىر ئەر كىشى پەيدا بولدى، ئۇ قوللىرىنى پۇلاڭشىتىپ، چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى ئۇياق ـ بۇياق قىلاتتى. ئۇ مۇشۇ ئۆتەڭنىڭ خوجايىنى موئىسىي بولۇپ، چىرايى تاتىراڭغۇ، قاپقارا بۇرۇتى تازىمۇ ياراشقان ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئەر ئىدى.

— ۋاي، پەرۋەردىگارىم، ۋاي، پەرۋەردىگارىم، — دەيتتى

ئۇ زىل، ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك ئاۋازدا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ پالاقشىپ كېتىشى ئەكسىچە مېھمانلار-نىڭ پەيتۇندىن چۇشۇشىگە دەخلى قىلدى.

— بۇگۇن مەن ئۇچۇن تولىمۇ خۇشاللىق بىر كۇن بولدى ئەمەسمۇ؟! بىراقزە، ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟ ئىۋان ئىۋانىۋىچ! خرىستوفور پوپ! پەيتۇندا يەنە بىر كىچىك بايۋەچچىمۇ بار ئىكەن ئەمەسمۇ! پەرۋەردىگارىم، مېنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. ۋاي خۇدايىم، نېمە-دەپ بۇ يەردە ھاڭۋېقىپ تۇرىمەن، مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىماي؟ قېنى مېھمانلار، مەرھەمەت، مەرھەمەت... قارشى ئالىمىز، نەرسە ـ كېرەكلىرىڭلارنى ماڭا تاپشۇ-رۇڭلار... ئاھ پەرۋەردىگار!

موئىسې مېھمانلارنى پەيتۇندىن يۆلەپ چۇشۇرگەچ يۇك ـ تاقلارنى چۇشۇردى ۋە بىردىنلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، جىددىي ـ بوغۇق تەلەپپۇزدا، خۇددى سۇغا چۇشۇپ كەت-كەنلەرنى قۇتقۇزۇشقا ئادەم چاقىرغاندەك ئاۋازدا ۋارقىراپ كەتتى:

— سولومون! ھەي سولومون!

ئارقىدىنلا ئۆيدىن بىر ئايالنىڭ: «سولومون، سو-لومون» دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئىۋان ئىۋانىۋىچ بىلەن خرىستوفور پوپ كەل-دى، — دېدى موئىسې ئىنىسىنىڭ ئىشەنمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك تەلەپپۇزدا، — ھەي، خىيالىمغىمۇ

كەلتۈرمىگەن ئىش بولدىغۇ بۇ! بۇگۈن بىراقلا مۇنچە كۆپ ياخشى مېھمانلار كەپتۇ ئەمەسمۇ! بۇياققا كېلىپ نەرسە ـ كېرەكلەرنى توشۇ، سولۇمون! مېھمانلار، قېنى مەرھەمەت!

بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن كۇزمىچىيېف، خرىستو- فور پوپ ۋە يېگورۇشكالار غوۋا ۋە قوپقۇرۇق بىر ئۆيدە كونىراپ كەتكەن شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. بۇ ئۆيدە مۇشۇ بىرلا شىرە ۋە يەنە ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن پارقىراق خۇرۇم بىلەن قاپلانغان بىر ئۇزۇن ساپا بىلەن ئۈچ ئورۇندۇقتىن باشقا ھېچقانداق ئۆي جاھازلى- رى يوق ئىدى. موئىسې مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىغاچ توختىماي تەزىم قىلاتتى، چاۋاك چالاتتى ھەم مۇرىسىنى قىساتتى؛ ئۇ تولىمۇ ئەدەپلىك، مۇلايىم ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۇ ھەرىكەتلەرنى قىلماي بولمايدۇ، دەپ قارايتتى.

— يۇڭ باسقان ھارۋىلىرىم بۇ يەردىن قاچان ئۆت- تى؟ — دەپ سورىدى كۇزمىچىيېف ئۇنىڭدىن.

— بىر ھارۋا كارۋىنى بۇگۈن ئەتىگەندىلا ئۆتۈپ كەتتى، يەنە بىرى بولسا ئىۋان ئىۋانىۋىچ، بۇ يەردە چۈشلۈك تاماقنى يەپ دەم ئېلىۋېلىپ، كۈن ئولتۇراي دېگەندە يولغا چىقىپ كەتتى.

— ھە، ۋالراموفمۇ ئۆتتىمۇ؟

— ياق، ئىۋان ئىۋانىۋىچ، ئۇنىڭ ھەمراھى گرىگورى

دېشلىچ تونوگون ئەتىگەندە بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكەن، خانىفنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا بارىمەن دېگەندى.

— ماقۇل ئەمىسە، بىز تېزدىن شۇ كارۋانلارغا يې-تىشىۋالايلى، ئاندىن خانىفنىڭ قېشىغا بارايلى!

— پەرۋەردىگار سىزگە مەدەت بەرگەي ئىۋان ئىۋانى-ۋىچ، — دېدى موئىسې ھودۇققان ھالدا ئىككى قولىنى جۈپلەپ تۇرۇپ، — كېچىدە يەنە نەگە بارىسىلەر؟ تازا بىر ھۇزۇرلىنىپ تاماق يەۋېلىپ مۇشۇ يەردە قونۇڭلار، پەر-ۋەردىگار بۇيرۇسا ئەتە ئەتىگەندە ماڭساڭلارمۇ يېتىشە-لەيسىلەر ئەمەسمۇ!

— ئۇنداق قىلىدىغانغا ۋاقتىم يوق، زادىلا ۋاقتىم يوق.... خاپا بولماڭ، موئىسې موئىسېئىچ. كېيىنكى قې-تىم ئۆتكەندە قوناي، ھازىر ۋاقتىم بەك قىس. چارەك سائەت ئولتۇرۇۋېلىپلا ماڭمىز، خانىفنىڭ قېشىغا بې-رىپ قونايلى!

— چارەك سائەت؟! موئىسې چىرقىراپ كەتتى، — پەرۋەردىگاردىن قورقمامسىلەر، ئىۋان ئىۋانوۋىچ؟ بۇ مې-نى شىلەپىڭىزنى تىقىۋېلىشقا، ئىشىكنى قۇلۇپلىۋې-لىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىڭىز ئەمەسمۇ؟ ھېچبولمىغاندا بىرەرنەرسە يەۋېلىپ، بىرەر پىيالە چاي ئىچىۋېلىپ مېڭىشىڭىز كېرەك ـ تە.

— چاي ـ پاي ئىچكۈدەك ۋاقتىمىز يوق، — دېدى كۇزمىچىيېف.

موئىسې گويا باشقىلار ئاتقان مۇشتنى توسماقچى بولغاندەك تىزلىنىپ تۇرۇپ، ئالىقانلىرىنى ئىچىپ ئالدىغا سوزدى، شۇنداقلا ئازابلانغاندەك ئاچچىق كۈلۈپ تۇرۇپ يىلىنىشقا باشلىدى:

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئىۋان ئىۋانىۋىچ! خرىستوفور پوپ! مىنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ، بۇ ئاددىي كەپەمدە چاي ئىچىپ ماڭساڭلار، مەن شۇنچە ئەسكىمۇ؟ بۇ يەردە سىلەرگە بىرەر پىيالە چايمۇ بېرەلمەسمەنمۇ ئىۋان ئىۋانىۋىچ!؟

— بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ ماڭساقمۇ كېچىكمەيتتۇق، — دېدى خرىستوفور پوپ ھېسداشلىق قىلغان ئاھاڭدا، — ئىش قىلىپ ھېچقانچە ۋاقىتقۇ كەتمەيتتى...

— بوپتۇ، ئىچسەك ئىچتۇق، — دەپ ماقۇل بولدى كۇزمىچېيېف. ئۇ ئالتە پىيالىچە چاينى جىمجىتلا ئولتۇرۇپ ئىچىۋەتتى-دە، ئالدىدىكى شىرەدىن ئازراق جاينى بىكارلاپ، پەيتۇنىنىڭ تۇۋىدە ئۇخلىغاندا بېشىغا قويۇپ ياتقان ھېلىقى خالتىنى ئېلىپ كېلىپ، ئاغزىنى يېشىپ شىرەگە باغلام-باغلام پۇللارنى تۆكتى.

— ۋاقتىمىزنىڭ باردا ساناپ باقمايلىمۇ خرىستوفور ئەپەندى، — دېدى كۇزمىچېيېف.

يېگورۇشكا بۇنچە كۆپ پۇللارنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ كۆڭلىدە مۇشۇنچىلىك كۆپ پۇلغا قانچىلىك بولكا، پېچىنە-پىرەنىك ۋە تورت دېگەندەك

نەرسىلەرنى سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ باقتى. بىراق ئۇ يەنە بۇ پۇللارغا ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى ـ دە، پۇللاردىن چىققان سېسىق ئالما ۋە كىرسىن پۇرىقىدىن كۆڭلى ئاينىغاندەك بولدى. ئۇ كۈن بويى پەيتۇندا ئولتۇرۇپ ھالىدىن كەتكەندى، ئۇنىڭ ئۇخلىغۇسى كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلىغان، كۆزلىرى يۇمۇلغان، پىكرى چېچىلغانىدى. ناۋادا مۇمكىن بولسا، ئۇ ياستۇقنى ئېگىز قىلىپ قويۇپ، تازا ھۇزۇرلىنىپ بىر ئۇخلىۋالغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە؟! ئۇ چاغدا چىراغ نۇرى ۋە باغلام ـ باغلام ئاشۇ پۇللارنى ساناۋاتقان قوللارنى كۆرمىگەن، چارچىغىنىدىن قالايمىقانلىشىپ كەتكەن نېرۋىسىنى تىنچلاندۇرۇۋالغان بولاتتى، لېكىن ھازىرچۇ، ئۇ ئۇخلاپ قالماسلىقىقا تىرىشتى. چىراغ نۇرى، پىيالە ۋە بارماقلار ئۇنىڭ كۆزىگە قوشلاپ كۆرۈنمەكتە، پىيالىدىكى چاي ھە دەپ چايقالماقتا، سېسىق ئالمىنىڭ قاڭسىق پۇرىقى ئۇنىڭ دىمىغىنى بارغانسېرى ئېچىشتۇرۇپ، كۆڭلىنى ئېلىشتۇرماقتا ئىدى. ئۇ ئاخىر ئۇخلاپ قالدى.

غالتەك بېكىتىلگەن سىيرىلما ئىشىك بىردىنلا غىچىرلاپ ئېچىلدى ـ دە، پول قانداقتۇر بىر ئادەمنىڭ ئايىغى ئاستىدا قاراسلاپ كەتتى. يېگورۇشكانىڭ بەدىنىنى سوغۇق مەيىن شامال سىيپاپ ئۆتتى، ئۇ گويا يوغان بىر قارا قۇش ئۆزىنىڭ ئالدىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە،



قانتى بىلەن يۈزىنى سىيپاپ ئۆتكەندەك ھېس قىلدى. ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى.... تاغىسى ئۇزۇن ساپانىڭ يېنىدا ھېلىقى خالتىنى تۇتقان ھالىدا ئۆرە تۇراتتى، خرىستوفور پوپ كىمدۇر بىرسىگە شىلەپىسىنى تۇتقان ھالدا كۈلۈمسىرەپ تەزىم قىلىۋاتاتتى. بىراق ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى ئادەتتىكىدەك يېقىملىق ۋە تەسىرلىك ئەمەس ئىدى، بەلكى ھۆرمەت بىلەن زورىغا كۈلۈمسى-رىگەندەك قىلاتتى، بۇنداق كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ چىرايى بىلەن ئەسلا ماسلاشمىغانىدى. موئىسي بولسا، تېنى پارچىلىنىپ نەچچە پارچە بولۇپ كەتكەندەك ئۆزىنى تەستە تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. يېگورۇشكا كۆزلىرىنى ئۇۋۇ-لىدى. ئۆينىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئۇچىسىغا قارا كىيىم، بېشىغا چىغ قالپاق كىيىۋالغان، ئۆزى ياش، بەدەنلىرى تولغان، تولىمۇ چىرايلىق بىر چوكان تۇراتتى.

— بۈگۈن ۋارلاموف كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ھې-لىقى چوكان.

— كەلمىدى، قەدىرلىكىم.

— ناۋادا ئەتە ئۇنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئۆيۈمگە كېلىپ كەتسۇن.

يېگورۇشكا ئويلىمىغان يەردىن توساتتىنلا ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇرغان قويۇق ئۆسكەن بىدىگە ئوخشاش قاپقارا قاشنى ۋە بۇ قاشلار ئاستىدا تۇرغان بىر جۈپ يوغان قوڭۇر كۆزنى، ئىككى تەرىپىدە چىرايلىق

زىنىخلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان سىلىق، يۇمران بىر چىرايىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ چىراي ئۈستىدىكى زىنىخ-لاردىن خۇددى قۇياش نۇر چاچقاندەك ئەتراپقا تەبەسسۇم چېچىلىپ تۇراتتى، بەدىنىدىن بولسا خۇشبۇي ئەتىر پۇراپ تۇراتتى.

— ئەجەبمۇ چىرايلىق بالىكىنا، — دېدى ھېلىقى چوكان.

چوكان يېگورۇشكانىڭ مەڭزىگە يېقىملىققىنە سۆ-يۈپ قويدى، يېگورۇشكا بولسا كۈلۈپ قويدى، بىراق ئۆزىنى ئۇخلاۋاتىمەن دەپ ئويلاپ ئىككى كۆزىنى يەنە چىڭ يۇمۇۋالدى. ئىشىك غىچىلداپ ئېچىلىپ، ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، ئۆيگە كىمدۇر بىرى كىرىپ چىقىپ كەتتى.

— يېگورۇشكا! يېگورۇشكا! — ئۇ بىرىنىڭ ئۆزىنى پەس ئاۋازدا ئىككى قېتىم چاقىرغانلىقىنى ئاڭلى-دى، — قوپ بالام، ماڭىدىغان بولدۇق.

كىمدۇر بىرى، ئېھتىمال جېنىنىسكا بولسا كېرەك، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قولتۇقلىۋالدى. ئۇ كېتىۋېتىپ كۆزىنى سەل ئېچىۋىدى، ئۆزىنى سۆيۈپ قويغان ھېلىقى قارا كىيىملىك چىرايلىق ئايالنى يەنە كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئايال ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ يېگورۇشكانىڭ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇراتتى، ئۇ كۈلۈمسىرەپ، مۇلا-يىملىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ ئۆيدىن

چىقىپ كېتىۋېتىپ، قامەتلىك، كېلىشكەن، قارا چاچلىق، شىلەپە كىيىۋالغان بىر ئەر كىشىنى كۆردى. بۇ كىشى جەزمەن ھېلىقى ئايالغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

— بۇ درانىزكايا گراف خانىم بولىدۇ، — دېدى خرىستوفور پوپ پەيتۇنغا چىقىۋېتىپ بوش ئاۋازدا.

— توغرا، درانىزكايا گراف خانىم، — دەپ تەكرار-لىدى كۇزمىچىيېف بوش ئاۋازدا.

## 4

سىرلىق ۋارلاموف توغرىسىدا كۆپچىلىك خېلى توختالدى، ھەتتا گرافنىڭ ھېلىقى چىرايلىق خانىمى درانىزكايامۇ ئۇنى ئىزدىمەكتە ئىدى. ئۇ زادى قانداق ئا-دەمدۇ؟ جېنىنىسكاغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان چالا ئۇيقۇ يې-گورۇشكا كۆڭلىدە شۇ كىشىنى ئويلاۋاتاتتى. يېگورۇشكا ئۇ كىشىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى، لېكىن باشقى-لارنىڭ ئۇ كىشى توغرۇلۇق قىلىشقان سۆزلىرىنى بىرقانچە قېتىم ئاڭلىغانىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تۇرقىنى ھەمىشە تەسەۋۋۇر قىلىپ باقاتتى. ۋارلاموفنىڭ نەچچە تۈمەن دېسياتىنا* كېلىدىغان يېرى، 100 مىڭ تۇياق قويى، ناھايىتى كۆپ پۇلى بارلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

* دېسياتىنا — 1.09 گېكتارغا تەڭ مەيدان بىرلىكى — مۇھەررىردىن.

يېگورۇشكا ئۇنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە كەسپى توغرىـ
سىدا، پەقەتلا ئۇنىڭ «مۇشۇ ئەتراپتا ئۇياقتىن ـ بۇياققا
ئايلىنىپلا يۈرىدىغان»، كىشىلەر پات ـ پاتلا ئىزدەپ تۇ-
رىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى.

يېگورۇشكا ئۆيىدىكى چاغلاردا گرافنىڭ خانىمى
درانىزكايا توغرىسىدا نۇرغۇن ئىشلارنى ئاڭلىغانىدى.
ئۇنىڭمۇ نەچچە دېسياتىنا كېلىدىغان يېرى، نۇرغۇن
قويلىرى، بىر ئات فېرمىسى، نۇرغۇن پۇلى بار ئىدى،
ئەمما ئۇ «ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئايلىنىپ يۈرۈش» نى ئانچە
ياقتۇرمايتتى، بەلكى ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇقىدىلا
تۇراتتى؛ ئىۋان ئىۋانىۋىچ ۋە باشقا تونۇشلىرى ئىشلار
ئۈستىدە كېڭەشىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە قانچە
قېتىملاپ بارغان، شۇڭا ئۇنىڭ قورۇقى توغرۇلۇق ناھا-
يىتى قىزىقارلىق ئىشلارنى پاراڭ قىلىپ بەرگەن. «ئۇ
نېمىدېگەن چىرايلىق ـ ھە؟» دەپ ئويلايتتى يېگورۇشكا
ئىچىدە ئۇنىڭ چىرايى ۋە كۆلۈشلىرىنى كۆز ئالدىغا
كەلتۈرۈپ. يېگورۇشكا نېمە سەۋەبتىندۇر ۋارلاموف بى-
لەن درانىزكايا خانىمنى، بولۇپمۇ درانىزكايا خانىمنى
كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇيقۇچىلىقتا كۆزىنى
ئاچالمايۋاتقان يېگورۇشكانىڭ كاللىسىدا ئادەتتىكى ئويلار
يوق ئىدى، بەلكى بىر پارچە قاپقارا تۇمان لەيلەپ، چۆ-
چەكلەردىكىدەك ئاجايىپ ـ غارايىپ ئوبرازلار ئەكس ئەت-
مەكتە ئىدى، بۇ ئوبرازلار بەزى قولايلىقلارغا ئىگە ئىدى،



يەنى ئۇلار ھېچقانداق باش قاتۇرماي، ھېچقانداق كۈچ ئىشلەتمەيلا ئۆزلۈكىدىن كاللا ئىچىدە پەيدا بولاتتى، شۇنداقلا كاللىنى قاتتىقراق چايقاپ قويسىلا يەنە ئۆز-لۈكىدىن غايىب بولۇپ كېتەتتى؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھېچقانداق نەرسە كاللىسىدا ئادەتتى-كى ئويلارنى پەيدا قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولسا قاپقارا تاغلار بولۇپ، ئۇلار خۇددى قانداقتۇر سىرلىق، قورقۇنچلۇق نەرسىنى توسۇۋالغاندەك قىلاتتى؛ سول تەرىپىدىكى ئۇپۇق سىزىقىدا بولسا پۇتكۇل ئاس-ماننى بىنەپشە رەڭ شەپەق قاپلىغانىدى، ھېچكىم زادى بىرەر جايغا ئوت كەتكەنمۇ ياكى ئاي كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرامدۇ — بۇ ھەقتە بىرەرنەرسە دېيەلمەيتتى. يىراق جايلار خۇددى كۇندۈزگە ئوخشاش ئوچۇق كۆرۈنەتتى، يىراق ئاشۇنچىلىك ئاجىز بىنەپشە رەڭ شەپەقنىمۇ گۇ-گۇم توسۇۋالغانىدى. پۇتكۇل يايلاق خۇددى موئىسىپىنىڭ بالىسى يوتقانغا مۆكۈۋالغاندەك گۇگۇم قوينىغا كىرىپ كەتكەنىدى.

ئاي چىقتى. كېچە ئاسمىنى غۇۋا يورۇشقا باشلىدى. كۆلەڭگىمۇ تارقالدى. ھاۋامۇ سۈزۈلۈپ ۋە ئىللىپ قال-دى. ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان، ھەتتا يول بويىدىكى چۆپلەرنىڭ غوللىرىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدىغان بولدى. يىراقتىكى بوش يەردە باش سۆڭىكى ۋە تاشلارنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. شۇبھىلىك، موناخقا

ئوخشاپ كېتىۋاتقان قارا كۆلەڭگە ئاي نۇرىنىڭ يورۇتۇشى بىلەن تېخىمۇ قارا ۋە غەمكىن ھالەتتە كۆرۈنەتتى. چېكەتكىلەرنىڭ زېرىكىشلىك چىرىلداشلىرى ئىچىگە تېپتىنچ مۇھىتتا كىشىگە ئاراملىق بەرمەيدىغان غەيرىي ئاۋازلار ئارىلىشىۋالاتتى، يەنە تېخى ئۇخلىمىغان ياكى ئۇيقۇلۇق جۆيلۈۋاتقان قۇشلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغىلىمۇ بولاتتى. كەڭ كەتكەن بىر سايە خۇددى ئۇزۇپ كېتىۋاتقان بۇلۇتتەك يايلاقنى سىيپاپ ئۆتمەكتە ئىدى، كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئاشۇ يىراق بىر ماكاندا، سىز ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاراپ تۇرسىڭىز، غۇۋا، غەيرىي بىرنەرسىلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، ئۆزئارا بىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز.... بۇ ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنچلۇق ۋە سۈرلۈك تۇيغۇ بېرەتتى. ئاچ يېشىل، يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان ئاسمانغا قارىسىڭىزلا، ئۇنىڭ نەقەدەر سۈپسۈزۈك، غۇبارسىز ئىكەنلىكىنى بىلىسىز، ئىللىق ھاۋانىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق تېپتىنچ ئىكەنلىكىنى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئېھتىيات قىلىپ، قاتتىقراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتقانلىقىنى، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتىكى قىسقىغىنا تۇرمۇشتىنمۇ مەھرۇم قىلىشقا كۆزى قىيمايدىغانلىقىنى چۈشىنىسىز. ئۆلچەپ چىقىشقا مۇمكىن بولمايدىغان ئاشۇ بىپايان ئاسماننىڭ چەكسىزلىكىنى ئىنسان پەقەت دېڭىزدا سەپەر قىلىش

ئارقىلىق ۋە ئايدىڭ كېچىدىكى يايلاق مەنزىرىسىگە ئاساسەن بىرئاز بولسىمۇ ھېس قىلالايدۇ. ئاسمان سۈزۈك، گۈزەل، يېقىملىق، ئېزىلەڭگۈ كۆرۈنسىمۇ، كىشىلەرنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلالايدۇ، ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت تۇيغۇسىدىن كىشىلەر ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

يېگورۇشكا ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچتى، پەيتۇن توختىدى. يولنىڭ ئوڭ قاسىنقىدا يۇك بېسىلغان نۇرغۇن ھارۋىلار خېلى يىراقلارغىچە سوزۇلۇپ تۇراتتى، ھارۋىلارنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇيان-بۇيان مېڭىشىپ يۈرەتتى، ھەممە ھارۋىلارغا قوي يۇڭى بېسىلغان بولۇپ، قارىماققا ھارۋىلار شۇنچە ئېگىز، شۇنچە يوغان، ئاتلار بولسا شۇنچە جىۋەك، شۇنچە ئورۇق كۆرۈنەتتى.

— بىز ھازىر خانىڧنىڭ قېشىغا كېلەيلا دەپ قالدۇق، — دېدى كۇزمىچىيېڧ بوم ئاۋازدا، — ھېلىقى يەھۇدىي ۋارلاموف خانىڧنىڭ قېشىدا تۇنەيدىكەن دېگەن ئەمەسمىدى؟ شۇنداق بولغاندىكىن، ئاغىنىلەر، بىز شۇ يەردە كۆرۈشەيلى! پەرۋەردىگار سىلەرگە مەدەت بەرگەي!

— توغرا، بۇرادەرلەر، — دېدى كۇزمىچىيېڧ يەنە ئالدىراپ-تېنەپ ۋارقىراپ، — بۇ بالىنى سىلەر ئېلىۋالساڭلار، پەيتۇندا بەك جاپا تارتىپ كېتىدىكەن. ئۇنى ھارۋاڭلاردىكى يۇڭنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇڭلار، پانتېلې، ئۇ سىلەر بىلەن ئالدىرىماي بارسۇن. بىز

تېزرەك ماڭمىساق بولمايدۇ. يېگور، چوشە بالام، بارغىن، ھېچنېمە بولمايدۇ!

يېگورۇشكا پەيتۇندىن چوشتى، بىرنەچچە كىشى ئۇنى ئېگىز كۆتۈردى، ئۇ ئۆزىنىڭ شەبنەمدە ھۆل بولۇپ كەتكەن ھەم يوغان، ھەم ئېگىز، يۇمشاق بىرنەرسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنى ئاسمانغا شۇنچە يېقىن بىرىپ قالغاندەك، يەر يۈزىدىن شۇنچە يىراقلاپ كەتكەندەك ھېس قىلدى.

— ھوي، چاپىنىڭنى ئېلىۋال، — دېدى جىنىنىسكا پەستە تۇرۇپ ۋارقىراپ، ئۇنىڭ چاپىنى بىلەن بوغچىسىنى ئېتىپ بېرىۋىدى، قېشىغىلا چوشتى. ئۇ كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا بوغچىسىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، چاپىنىنى ئۈستىگە يېپىپ پۇتلىرىنى سۇنۇپ ياتتى. بەدەنلىرىگە شەبنەم تەگكەچكە، مۈرىسىنى قىسىپ كۈلۈپ قويدى.

«ئۇخلاي، ئۇخلاي، ئەمدى ئۇخلاي...» دەپ ئويلىدى ئۇ.

—ئۇنىڭغا ئوبدان قاراڭلار، سىلەر شەيتانلارنىڭ ئىزە! — دېدى پەستە تۇرغان جىنىنىسكا.

—خوش ئاغىنىلەر! پەرۋەردىگار يار بولسۇن، —دەپ خوشلاشتى كۇزمىچېيېف، — بالامنى سىلەرگە تاپشۇردۇم.

—خاتىرجەم بولۇڭ ئىۋان ئىۋانىۋىچ.

جىنىنىسكا ئاتلارنى ھەيدىدى، پەيتۇن غىچىرلاپ مېڭىشقا باشلىدى. پەيتۇن چوڭ يول بىلەن ئەمەس،

بەلكى پەسكە قاراپ قاياققىدۇر بىر ياقىقا ماڭدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھارۋا كارۋىنى ئۇخلاپ قالغاندەك ئىككى مىنۇتتەك جىمجىتلىققا چۆمدى. پەقەت يىراقتىن پەيتۇنىڭ ئارقىسىغا ئېسىلغان چېلەكنىڭ تاراڭلىغان ئاۋازىلا بىردەم ئاڭلىنىپ، ئۇنىڭ ئۇزاپ كېتىشىگە ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا يوقىدى. ئاندىن كارۋان بېشىدا بىرەيلەن توۋلىدى:

ــ كىلىيوخا! ماڭدۇق!

ھارۋا كارۋىنىنىڭ بېشىدىكى ھارۋا غىچىرلاپ قوزغالدى. ئاندىن ئىككىنچىسى، ئۈچىنچىسى قوزغالدى.... يېگورۇشكا ئۆزى ياتقان بۇ ھارۋىنىڭمۇ غىچىرلاپ ماڭغانلىقىنى ھېس قىلدى. ھارۋا كارۋىنى قوزغالدى، يېگورۇشكا قوي يۇڭىنى تاڭغان ئارغامچىنى چىڭ تۇتۇۋالدى ۋە رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئۇ يانچۇقىدىكى بال پېچىنىنى تۇتۇپ قويۇپ، ئۆيدىكى كارىۋاتتا ئۇخلىغاندەك تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى....

ئۇ ئويغانغاندا قۇياش كۆتۈرۈلگەنىدى. ئالدىدىكى يىراق بىر جايدىكى بىر كەنتنىڭ قوڭغۇراق مۇنارى ۋە كەپىلىرى ئاپئاق بىر تۇستە كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن يەكشەنبە بولۇپ، ئۇكرائىنلار بۇنداق چاغلاردا ئۆيدىن چىقماي بولىغا پىشۇرۇپ، قورۇما تەييارلايتتى، بۇنى ھەربىر ئۆينىڭ مورىسىدىن چىققان ئىستىن بىلىۋالغىلى بولاتتى. بۇ ئىس خۇددى كەنت

ئۈستىگە ئېسىلغان بۇلۇت رەڭ پەردىگە ئوخشايتتى. ئىككى رەت كەپە ئۆيلەر ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتىن، چىركاۋنىڭ كەينىدىن بىر دەريا ئېقىپ ئۆتەتتى، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىنى بولسا تۇمان قاپلىغانىدى. بىراق تۇنۇگۈنكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھېچقانداق نەرسىدە يولدا بولغان ئۆزگىرىشتەك چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغانىدى. ئىنتايىن كەڭ ـ كۇشادە، جۇشقۇن ۋە ھەيۋەتلىك بىر خىل زور نەرسە يايلاقتا كەڭ يېيىلىپ، يولنىڭ ئورنىنى ئالغانىدى. ئۇ ئەسلىدە بىر ئۇزۇن كۆل رەڭ بەلۋاغ بولۇپ، ئات ـ ئۇلاغلار، ئادەملەر مېڭىۋېرىپ، توپا ـ چاڭ باسقان، باشقا يوللارغا ئوخشاش ئۇنىڭ كەڭلىكى نەچچە ئون سازىن كەلگىلىكتە ئىدى. بۇ يول شۇنچىلىك كەڭ ئىدىكى، يېگورۇشكا كۆرۈپ گاڭگىراپ، خۇددى چۆچەكلەر دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك بولدى. بۇ يولدا كىممۇ ماڭار؟ ھېچ چۈشەنگىلى بولمايدۇ، تازىمۇ بىر قىزىق ئىش ـ تە بۇ!

يېگورۇشكا ئەڭ ئاخىردىكى هارۋىدا ياتقاچقا، شۇنچە ئۇزۇن هارۋا كارۋىنىنى تولۇق كۆرۈپ ماڭاتتى. هارۋا كارۋىنىدا 20 نەچچە هارۋا بار ئىدى، ھەر ئۈچ هارۋىنى بىر كىشى ھەيدەيتتى، يېگورۇشكا بار ئاخىرقى هارۋىنىڭ يېنىدا چاچلىرى قاردەك ئاقارغان، پوپ خرىستوفورغا ئوخشاش ۋىجىك، پاكار بىر بوۋاي كېتىپ باراتتى، ئۇنىڭ يۈزى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن بولۇپ،

چىرايىدىن كەسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. بۇ بوۋاي ئېھتىمال ئانچىمۇ كەسكىن ئەمەستۇ ھەم خىيالىمۇ سۇرمەي كېتىۋاتقاندۇ، ئەمما ئۇنىڭ قىپقىزىل كەلگەن قاپىقى ۋە ئۇزۇن، ئۇچلۇق بۇرنى ئۇنى شۇنداق كەسكىن ـ سۇرلۇك قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئۇ خۇددى پوپ خرىستوفورغا ئوخشاش شىلەپە كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ كىيىۋالغىنى باي غوجاملار كىيىدىغان شىلەپە بولماستىن، بەلكى قوڭۇر رەڭلىك كىگىز مالىخاي ئىدى، ئۇنى شىلەپە دېگەندىن كۆرە، ئۇچىنى كېسىۋەتكەن كونۇسسىمان جىسىم دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى. ئۇ يالاڭ ئاياغ كېتىپ باراتتى، ئېھتىمال ئۇ قىشتىمۇ هارۋىنىڭ يېنىدا مۇشۇنداق مېڭىۋېرىپ، پۇتى بىرقانچە قېتىم ئۈششۈپ قالغان بولسا كېرەك، مۇشۇنداق مېڭىشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى، ئۇ يول ماڭغاندا پات ـ پات يوتىسىغا ئۇرۇپ قوياتتى ۋە يەرگە تېپىپ قوياتتى، ئۇ يېگورۇشكانىڭ ئويغانغانلىقىنى كۆرۈپ تازا بىر قارىۋېتىپ، مۇرىسىنى قىسىپ قويدى ـ دە، گويا سوغۇقتىن ئەندىككەندەك قىلىپ:

— ھە، ئويغاندىڭمۇ شاكىچىك! سەن ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ ئوغلىغۇ دەيمەن؟ — دېدى.

— ياق، ئۇنىڭ جىيەنىمەن....

— ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ جىيەنى؟ قارا بۇنىڭغا، ھازىر مەن ئۆتۈكۈمنى سېلىۋېتىپ يالاڭ ئاياغ كېتىۋاتىمەن.

ئىككىلا پۇتۇم ئاغرىيدۇ، بىرقانچە قېتىم ئۇششۇپ قال-
غان. ئۆتۈكۈمنى كىيمىسەم خېلى راھەتلىنىپ قالىمەن،
تېخى... ئوبدانلا راھەتلىنىپ قالىمەن، شاكىچىك.... بۇ
ئۆتۈك كىيمەيمەن دېگەنلىكىم.... دېمەك، ئۇنىڭ جېيەنى
دېگىن. ئۇ بەلەن ئادەم، خېلى يارايدىغان ئادەم... پەرۋەر-
دىگار ئۇنىڭ تېنىنى سالامەت قىلسۇن.... خېلى تۈزۈك
ئادەم، ئىۋانىۋىچنى دېمەكچىمەن.... ئۇ خانىقىنىڭ
يېنىغا كەتتى.... ئاھ! پەرۋەردىگار، بىزگە رەھىم قىل-
غايسەن!

خېلى يىراقتا، ئالدىدىكى ئىككى ھارۋىنىڭ يېنىدا
بىر كىشى پىيادە كېتىپ باراتتى، ئۇ كىشى ئۇچىسىغا
ئاچ قىزىل پەلتو، بېشىغا شەپكە، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق
ئۆتۈك كىيىۋالغان بولۇپ، ئۆتۈكنىڭ قونچى پۈرۈلۈپ
قالغانىدى، ئۇنىڭ قولىدا قامچا بار ئىدى. ئۇ 40 ياشلار
چامىسىدىكى ئادەم بولۇپ، بېشىنى شۇنداقلا بۇرىۋىدى،
يېگورۇشكا ئۇنىڭ قىپقىزىل، سوزۇنچاق يۈزىنى كۆرۈپ
قالدى. ئۇ ئۆچكە ساقال، ئوڭ كۆزىنىڭ ئاستى تەرىپىدە
سۇنئىي بولۇتقا ئوخشاش مەڭ بار ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ
ئالدىدىكى ھارۋىكەش بىر دارازا بولۇپ، ئىككى مۈرىسى
بەكلا ساڭگىلاپ كەتكەن، دۈمبىسى تاختايدەك تۈپتۈز
ئىدى. ئۇ ئۆزىنى دالا يۈرۈشى قىلىۋاتقان ئەسكەرلەردەك
ياكى تۈپتۈز بىرنەرسىنى يۇتۇۋالغاندەك تىك تۇتاتتى،
قولىنى ئىككى تال تاياقتەك تۈپتۈز ساڭگىلىتىۋالغانىدى.



ئۇ ماڭغاندا، پۇتلىرىنى ئەگمەي ياغاچتەك تۈز يۆتكەپ ماڭاتتى. لېكىن قەدىمىنى ئىمكانقەدەر چوڭ ئالاتتى. باشقىلار ئىككى چامداپ ماڭغان يولنى ئۇ بىرلا چامدايتتى. شۇڭا قارىماققا ئۇلاردىن ئاستا ماڭغاندەك، ھەممىنىڭ ئارقىسىدا قالغاندەك قىلاتتى. يېگورۇشكا ھەممىسىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ھارۋىكەشلەرنى ئېنىق كۆرەلمىدى. ھارۋا ئۈستىدە يېتىۋېرىپ قىلىدىغان ئىش بولمىغاچقا، ئۇ يۇڭ تايلىرىدىن يۇڭ چىقىرىپ، يىپ ئېشىپ ئويناشقا باشلىدى. پەستە كېتىۋاتقان ھېلىقى بوۋاي بولسا كىشىلەر چىرايىغا قاراپ پەرەز قىلىشقاندەك ئۇنچىۋالا ياۋۇز ۋە سۈرلۈكمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر سۆزلەپ كەتسە، ئاغزى بېسىقمايتتى.

— نەگە بارىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— مەكتەپكە، — دەپ جاۋاب بەردى يېگورۇشكا.

— مەكتەپكە؟ ھە... توغرا، پەرۋەردىگار ساڭا مەدەت بەرگەي، ئەسلىدە مۇنداق ئىش ئىكەندە، بىر كاللا بولسا ئەلۋەتتە ياخشى، ئىككىسى بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. پەۋەردىگار بۇ ئادەمگە بىر كاللا بەرسە، ئاۋۇ ئادەمگە ئىككى كاللا بېرىدىكەن، ھەتتا يەنە بىر ئادەمگە ئۈچ كاللا... يەنە بىر ئادەمگە ئۈچ كاللا بېرىدىكەن، بۇنىسى راست.... بىر كاللا ئادەمدە تۇغۇلۇشتىنلا بار بولىدۇ، يەنە بىر كاللىغا ئادەم مەكتەپتە ئوقۇش ئارقىلىق ئىگە بولىدۇ، ئۈچىنچى كاللىغا بولسا گۈزەل تۇرمۇش ئارقىلىق

ئېرىشىدۇ. شۇڭا، قېرىنىدىشىم، ماڭا قارا! ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئۈچ كالىلىسى بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئۇنداقلار راھەت ياشاپلا قالماي، ئۆلگەنىدىمۇ ئارمانسىز كېتىدۇ، ئارمانسىز كېتىدۇ.... بىراق، بىز ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز.

بوۋاي بېشىنى قاشلىدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ يېگورۇشكاغا قاراپ قويدى ـ دە، يەنە ئېغىز ئاچتى:

— سلاپيانوسېلبۇسكتىن كەلگەن ھېلىقى غوجام ماكسىم نىكولايېۋىچمۇ بۇلتۇر بالىسىنى مەكتەپكە ئېلىپ مېڭىپتىكەن. ئۇ قايسى مەكتەپتە، قانداقراق ئوقۇۋاتىدىكىن ـ تاڭ؟ بىراق ئۇ بالا خېلى تۈزۈكتەك قىلىۋاتاتتى، ھە، بولدى... ئۇلارنى پەرۋەردىگار ساقلىسۇن، ئىسمىڭ كىم؟

— يېگورۇشكا.

— ئۇنداقتا، ھەقىقىي ئىسمىڭ يېگور.... مۇقەددەس شېھىت يېگورى، غالىب دېگەن مەنىدە، ئۇنىڭ بايرىمى 23 ـ ئاپرېل. مېنىڭ خرىستىئان ئىسمىم پانتېلېي.... پانتېلېي زاخاروف خورودوف.... مەن خورودوف جەمەتىدىن. كۇرسكى ئۆلكىسىنىڭ چىم شەھىرىدىن، ئۇ يەرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ باققان بولۇشۇڭ مۇمكىن. مېنىڭ قېرىنداشلىرىم ھۈنەر ئۆگەنگەن، ھەممىسى شەھەردە ئوقەت قىلىدۇ. بىراق ئۆزۈم دېھقانمەن.... ئىزچىل تۇردە دېھقانچىلىق قىلىۋاتاتتىم، بۇنىڭدىن ئاللاھەل يەتتە

يىل بۇرۇن ئۇ يەرگە بارغان، يەنە ئۆيۈمگە قايتقان. سەھرالارغىمۇ بارغان، شەھەرگىمۇ بارغان، يەنى چىمغىمۇ بارغانمەن. ئۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگارغا شۈكرى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھايات، تېتىك ئىدى. لېكىن ئۇلار ھازىر قانداق بولۇپ كەتتىكىن.... بەزىلىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.... بەزىلىرى قازا قىلاي دەپ قالغاندۇ، ھەممىسى قېرىپ كەتتى ئەمەسمۇ، بەزىلىرى مەندىنمۇ چوڭ ئىدى. قازا قىلغان بولسىغۇ مەيلى ئىدىغۇ، ئۆلۈپ كەتسىلا ئارام تاپىدۇ. بىراق توۋا قىلماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسە بولمايدۇ.

پانتېلي يېگورۇشكانىڭ ئاڭلىمايۋاتقىنى بىلەن كا-رى بولماي، توختىماي سۆزلەيتتى. ئۇ ئەزمىلىك قى-لىپ، يۇقىرىمۇ ئەمەس، تۆۋەنمۇ ئەمەس بىر خىل ئا-ھاڭدا ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەيتتى. لېكىن ئازغىنا ۋاقىتتا نۇرغۇن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بولدى. ئۇنىڭ سۆزلىگىنى پۇتۇنلەي پارچە - پۇرات، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلاردىن توقۇلغان ۋەقەلىك ئىدى، بىر - بىرى بىلەن ئانچە باغ-لىنىپ كەتمەيتتى، شۇڭا يېگورۇشكا ئاڭلاپ مەززىسىز ھېس قىلدى. پانتېلېينىڭ بۇ ئىشلارنى سۆزلىشى بەل-كىم ئۇزۇن كېچىنى جىمجىت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، تاڭ ئاتقاندا، ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى سىناپ بېقىش، ئۇلار-نىڭ ھەممىسىنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن.

بىر ھارۋىكەش ئەسلىدە كارۋاننىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى، ئۇ ئەسلىدىكى ئورنىدىن ئۇشتۇمتۇتلا باشقا بىر جايغا بېرىپ يەرنى قامچا بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئېگىز، بەستلىك، سېرىق بۇدۇر چاچ، كۆچتۇڭگۈر ۋە تولىمۇ ساغلام كۆرۈنىدىغان 30 ياشلار ئەتراپىدىكى يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ يەلكىسى ۋە قامچىسىنىڭ ھەرىكىتىدىن، شۇ تاپتىكى ئاشۇنداق غەزەپلىك ئەلپازىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بىر جانلىقنى ئۇرۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. يەنە بىر ھارۋىكەشمۇ ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ باردى. ئۇ پەس ئاۋازدا، يۆتەل ئارىلاش قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاغىنىلەر، دېموف بىر زەھەرلىك يىلاننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ، راست دەۋاتىمەن! — دېدى.

— بۇ زەھەرلىك يىلان ئەمەس، چۆپلۈك يىلىنى، — دېدى يەنە بىرەيلەن گەپ قىستۇرۇپ.

يول ماڭسا ياغاچتەك قېتىۋالىدىغان، يۈزىنى ئەسكى لاتا بىلەن ئورىۋالغان كىشىمۇ ئۆلۈك يىلان بار يەرگە ئىتتىك بېرىپ قاراپ بېقىپ، ياغاچتەك قوللىرىنى كۆتۈردى.

— ھۇ جىنايەتچى! — دېدى ئۇ خىرقىراپ، ئېچىنغان ئاۋازدا، — كىچىككىنە يىلاننى نېمىشقا ئۆلتۈرۈۋېتىسەن، نېمە ئىشىڭغا كاشىلا قىلدى؟ ھۇ ئۆلگۈر، قارا، سەن بىر يىلان بالىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپسەن، ناۋادا باشقىلار سېنى مۇشۇنداق ئۇرسا، سەن قانداق قىلار

ئىدىڭ ـ ھە؟

— چۆپلۈك يىلىنىنى ئۆلتۈرمەيدىغان گەپ ئىدى. بۇ راست...، — دېدى پانتېلېي ئالدىرىماي، ئېغىر ـ بې-سىقلىق بىلەن سۆزلەپ، — ئۆلتۈرمەسلىك كېرەك ئى-دى.... ئۇ يا زەھەرلىك يىلان بولمىسا، ئۇ قارىماققا يى-لانغا ئوخشىغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە مۇلايىم، ئىنسانغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان نەرسە... ئادەملەرگە ئامراق... چۆپ-لۈك يىلىنى ھەقىقەتەن شۇنداق....

ئاخىرقى ھارۋا يىلان ئۆلگەن جايغا يېتىپ كەلگەن-دە، يۈزگە ئەسكى لاتا يۆگىۋالغان كىشى يىلاننىڭ قې-شىغا يېقىن بېرىپ ئېڭىشىپ قارىدى ـ دە، ئىتتىك پانتېلېي تەرەپكە بۇرۇلۇپ كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— ھەي بوۋا، ئۇ بۇ چۆپلۈك يىلىنىنى نېمىشقا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ؟

بۇ ۋاقىتتا يېگورۇشكا ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ تولىمۇ كىچىك، نۇرسىز، چىرايلىرى تاتارغان، كېسەل چىراي ئىكەنلىكىنى، چىرايىدىمۇ نۇر قالمىغان، تۆۋەنكى ئې-ڭەكنىڭ بەكلا قىزىرىپ، ئىششىپ قالغاندەك بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدى.

— بوۋا، ئۇ بۇ يىلاننى نېمىشقا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ؟ — دېدى ئۇ قايتىلاپ سورىغان ھالدا پانتېلېي بىلەن ياندى-شىپ كېتىۋېتىپ.

— ئۇ بىر هاماقەت، قولى قىچىشىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن گەپ، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي، — دې-موف بىر چاتاقچى، ئۇنى باشقىلارمۇ بىلىدۇ، ئۇ ئالدىغا نېمە ئۇچرىسا شۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنى كىلىوخامۇ توسۇماپتۇ، ئۇ ئەسلىدە ئۇنى بۇ ئىشتىن توسۇسا بولات-تى. لېكىن سەنچۇ، ۋاشا، ئاچچىقلانما... نېمىگە ئاچ-چىقلىنىسەن؟ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا بوپتۇ. ئۇنى پەر-ۋەردىگار ئۆز پاناهىدا ساقلىسۇن.... دېموف بىر چاتاقچى. كىلىوخا گاڭگىراپ قالغاچقا شۇنداق قىلغان. يېمىليان چېقىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان نەرسىگە ئەزەلدىن چېقىلىپ باققان ئەمەس. چۈنكى ئۇ تەربىيە كۆرگەن ـ دە، ئۇلارچۇ، ئۇلار بىر ئوچۇم كالۋالار، خالاس.

قىزىل پەلتو كىيىۋالغان، يوغان پوقىقى بار هار-ۋىكەش ئەسلىدە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان خورچىلارغا دىرىژورلۇق قىلىۋاتاتتى، بۇ ۋاقىتتا بىر-سىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاتىغانلىقىنى ئاڭلاپلا توخ-تاپ قالدى ـ دە، پانتېلې بىلەن ۋاشا يېتىپ كەلگەندە ئۇلار بىلەن ياندىشىپ ماڭدى.

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ بو-غۇق ئاۋازدا.

— قارا، ۋاشانىڭ ئاچچىقى كېلىپ قاپتۇ، — دېدى پانتېلې، — مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئاچچىقىنى ياندۇرۇۋاتىمەن....

سۇس قىزىل كىيىم كىيگەن يېمىليان پانتېلېي بىلەن ۋاشانىڭ ئوتتۇرىسىدا قىستىلىپ كېتىۋېتىپ، گويا ناخشا ئېيتماقچى بولغاندەك قولىنى پۇلاڭلىتاتتى، ئۇ قولىنى بىردەم پۇلاڭلىتىپلا چۇشۇرۇۋېلىپ، ئۇمىدسىزلەنگەن هالدا ۋارقىراپ كەتتى.

— ئاۋازىم پۇتۇپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ، — مېنى راستتىنلا پالاكەت باستى! تۈنۈگۈن ئاخشام ۋە بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن، مارىنوۋسكىنىڭ ئۆيىدىكى تويدا ئېيتقان «پەرۋەردىگار، بىزگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن» دېگەن ئاشۇ ئۈچ قىسىملىق ئومۇمىي خورنى مېنىڭ ئېيتقۇم كېلىپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. هازىرلا ئېيتمۇۋېتىمدىغاندەك كاللامغا، ئاغزىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپلا تۇرىدۇ...، بىراق ئېيتاي دېسەم زادىلا ئېيتالمايۋاتىمەن!

ئۇ بىردەم جىم ماڭغاندىن كېيىن، بىرنەرسە ئېسىگە كەلگەندەك يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن خور ئۆمىكىدە 15 يىل ناخشا ئېيتتىم. غەلىتە ئىش، ئالدىنقى يىلى دونېز دەرياسىدا بىر قېتىم سۇغا چۈشكەنىدىم. شۇنىڭدىن كېيىنلا ناخشىنى ئوبدان ئېيتالمايدىغان بولۇپ قالدىم. كانىيىمغا سوغۇق تېگىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئىشچىلار چولاق بولۇپ قالسا هېچ ئىش قىلالمىغاندەك، مەنمۇ بىر چىرايلىق ئاۋازىمدىن ئايرىلىپ ناخشا ئېيتالماس بولۇپ قالدىم.

— بۇ راست شۇنداق بولدى، — دېدى پانتېلېي ئۇنىڭ

سۆزىنى قوللاپ، — ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، ئۆزۈمدە ئۈمىد قالمىغانلىقىنى بىلىمەن، مەن تۈگەشكەن ئادەممەن.

بۇ ۋاقىتتا ۋاشا يېگورۇشكانى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، ئىلگىرىكىدىنمۇ كىچىكلەپ كەتتى.

— ئەسلىدە بىز بىلەن بىر كىچىك بايۋەچچىمۇ بىرگە مېڭىپتىكەن ـ دە! — ئۇ گويا ئىزا تارتقاندەك چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى، — نېمىدېگەن ئىززەتلىك هارۋىكەش بۇ! قېپقېلىپ بىز بىلەن بىرگە هارۋا هەيدەپ يۈك توشۇسۇن.

كارۋان كەنتكە بىر ۋېرىستا* قالغان يەردىكى قۇدۇق بويىغا كېلىپ توختىدى. بومبا ساقال كىلىيوخا سوغىنى قۇدۇققا سالدى، ئۇ قۇدۇق بېشىدىكى رېشاتكىغا ئارتىلىپ يېتىپ تۇرۇپ، چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بېشىنى مۇرىسى بىلەن قوشۇپ كۆكرىكىگىچە ئۇنىڭ ئىچىگە تىقتى. يېگورۇشكا ئۇنىڭ يەرگە تەگمەي دېگۈدەك تۇرغان قىسقا ئىككى پۇتىنىلا كۆرەلىدى، چوڭقۇر قۇدۇق سۈيىدە ئۇنىڭ بېشىنىڭ سايىسى ئەكس ئېتەتتى. ئۇ خۇشال بولۇپ، ساراڭلارچە كۈلۈپ كەتتى. قۇدۇقتىنمۇ شۇنداق سادا چىقتى، ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۇنىڭ يۈزى بىلەن بوينى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. دېموف بىرىنچى بولۇپ سۇ ئىچكىلى يۈگۈرۈپ باردى. ئۇ بىر تەرەپتىن سۇ ئىچىپ، بىر تەرەپتىن كۈلۈپ،

*رۇس ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، 1.06 كىلومېتىرغا تەڭ — مۇهەررىردىن.

پات ـ پات بېشىنى چىلەكتىن بوراپ كىلىوخاغا بەزىبىر ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى، ئاخىردا بورۇلۇپ، پوتكۇل يايلاقتا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە ۋارقىراپ تۇرۇپ بىر سەت گەپ قىلىۋەتتى. دەل بۇ ۋاقىتتا دېموفىنىڭ كۆزىگە يېـ. گورۇشكا چىلىقىپ قالدى. يېگورۇشكا هارۋىدىن سىيـ. رىلىپ چۈشۈپ قۇدۇق بېشىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى، دېـ. موف قاقاقلاپ كۈلدى ۋە:

— ئاغىنىلەر، بوۋاي ئاخشامدىن بۇيان بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، — دېدى.

كىلىوخا خىرقىراپ كۈلدى، ئۇ شۇنداق تىلىقىپ كۈلدىكى، ئاخىر بولالماي يۆتىلىپ كەتتى. باشقىلارمۇ كۈلۈشتى. يېگورۇشكانىڭ يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ شۇ چاغدىلا دېموفنى ياخشى ئادەم ئەمەسكەن، دەپ هۆكۈم قىلدى. دېموف سېرىق بۇدۇر چاچ، يالاڭۋاش، دائىم كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىپ يۈرىدىغان، قاـ. رىماققا تولىمۇ قاملاشقان، تىمەن، قاۋۇل ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ هەربىر هەرىكىتىدىن قالايمىقانچىلىق پەيدا قىـ. لىشقا ئامراق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، ئۇ كۈچتۈڭـ. گۈر بولغاچقا، ئۆزىنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

پانتېلېمۇ قۇدۇق تەرەپكە كەلدى. ئۇ يانچۇقىدىن بىر يېشىل ئىستاكاننى ئالدى، بۇ ئىستاكان ئەسلىدە ئىكونانىڭ ئالدىدا يېنىقلىقلا تۇرىدىغان چىراغ ئىدى. ئۇ

ئىستاكاننى ئەسكى لاتا بىلەن پاكىز سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن سوغىدىن توشقۇچە سۇ ئېلىپ ئىچتى، ئىچىپ بولۇپ، يەنە بىر قېتىم ئېلىپ ئىچتى، ئاندىن ئۇنى ئەسكى لاتا بىلەن يۆگەپ يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

— بوۋا، نېمىشقا چىراغ بىلەن سۇ ئىچىسىز؟ — يىگورۇشكا ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— بەزىلەر سۇنى سوغىنى قىڭغايتىپ ئىچىدۇ، بەزىلەر چىراغ بىلەن ئىچىدۇ، — دېدى بوۋاي گەپنى يورغىلىتىپ، — ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزگىچە سۇ ئىچىش ئۇسۇلى بولىدۇ... سەن سوغىنى قىڭغايتىپ ئىچسەڭ بولىدۇ، قانغىچە ئىچىۋال....

— سىزنىڭ بۇ قوزىچىقىڭىز، بۇ چىرايلىق بالىڭىززە، — دېدى ۋاشا بىردىنلا ئەركىلەتكەندەك يىغا ئارىلاش ئاھاڭدا، — ئاھ... مېنىڭ يۈرەك پارەم!

ئۇنىڭ كۆزلىرى يىراقلارغا تىكىلگەن بولۇپ، خۇشاللىقتىن پارقىراپ كەتكەندى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھېلى يىگورۇشكانى كۆرگەن ۋاقىتتىكىدەك ھېسسىيات ئىپادىلىنەتتى.

— كىمگە گەپ قىلىۋاتىسەن؟ — سورىدى كىليوخا.

— ئوماق بىر تۈلكە بالىسىنى دەۋاتىمەن.... ئۇ كۈچۈككە ئوخشاش ئۇ يەردە ئوڭدا يېتىپ ئويناۋاتىدۇ....

ھەممەيلەن يىراققا تىكىلىپ قاراپ ھېلىقى تۈلكىنى ئىزدەيتتيۇ، ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتى، پەقەت

ۋاشالا ئاشۇ نۇرسىز كۆك كۆزلىرى بىلەن نېمىنىدۇر بىرەرنەرسىنى كۆرگەندەك زېھمن قويۇپ قارايتتى. يې-گورۇشكا كېيىن بىلدىكى، ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنداق ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ شۇنچە يىراقتىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆ-رەلەيتتى. شۇڭا چۆلدەرەپ قالغان قوڭۇر رەڭلىك يايلاق ئۇنىڭ ئۇچۇن مەڭگۈ هاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، مەزمۇنغا باي جاي ئىدى. ۋاشانىڭ كۆپچىلىك كۆرەلىگەن مۇشۇ دۇنيادىن باشقا يەنە ئۆزىگىلا خاس، باشقىلارنىڭ نېسىۋىسى يوق بىر دۇنياسى بار ئىدى؛ ئۇ دۇنيانىڭ كۆپ قىسمى شۇنداق گۈزەلكى، هەر قېتىم ئۇ بىرەر نەرسىنى كۆرگىنىدە، شۇنداق زەن سېلىپ قارايتتى، ئۇنىڭغا هېچكىم هەسەت قىلمايتتى.

كارۋان ئۆز يولىغا قاراپ قوزغالغان چاغدا، چېير-كاۋنىڭ قوڭغۇرىقى چېلىنىپ، كىشىلەرنى مىسا قى-لىشقا چاقىرىشقا باشلىدى.

## 5

كارۋان بىر كەنتنىڭ قېشىدىكى دەريا بويىغا كې-لىپ توختىدى. هاۋا تۈنۈگۈنكىدەكلا ئىسسىق، شامالدىن ئەسەرمۇ يوق بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلاتتى. دەريا بويىدا بىرقانچە تۈپ سۆگەت بار بولسىمۇ، ئۇنىڭ سا-يىسى دەريا بويىغا ئەمەس، سۇغا چۈشۈپ تۇراتتى.

ھارۋىنىڭ سايىسىمۇ شۇنداق دىمىق ئىدى. كۆپكۆك كۆرۈنگەن ئوچۇق ھاۋا كىشىلەرنى سۇغا چۈشۈشكە جەلپ قىلاتتى. پەقەت ھازىرغا كەلگەندىلا ئاندىن يېگو-رۇشكانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان بىر ھارۋى-كەش — 18 ياشلىق ئۇكرائىنا يىگىتى سىچوپكا بولۇپ، ئۇ ئۇچىسىغا ئۇزۇن كۆڭلەك، كەڭ ئىشتان كىيىۋالغان، بېلىنى باغلىمىغانىدى. يول ماڭسا، ئىشتىنىنىڭ پۇچ-قاقلىرى بايراقتەك لەپىلدەپ تۇراتتى. ئۇ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئېگىزدىن پەسكە قاراپ يۇگۇرگىنىچە «پولتۇڭ» قىلىپ سۇغا ئۆزىنى ئاتتى، ئۇ سۇغا ئۈچ قېتىم چۆمۈلۈپ بولۇپ، ئوڭدىسىغا ئۈزدى. ئۇ راھەت-لەنگىنىدىن كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋالغانىدى. ئۇ كۇ-لۇمسىرىدىيۇ، بىردىنلا قوشۇمىسىنى تۇردى. ئۇ بەدى-نىنىڭ بىر يەرلىرى ھەم قىچىشىپ، ھەم ئاغرىۋاتقاندەك كۇلكىلىك ھېس قىلدى. دىمىق ھاۋا ۋە تىنچىق ئىسسىقتىن دالدا بولغۇدەك جاي تاپالمايۋاتقاندا، سۇنىڭ شالاق - شۇلۇق قىلغان ئاۋازى ۋە سۇغا چۈشۈپ ئۈزۈۋاتقانلار چىقارغان چولتۇك - چولتۇك قىلغان ئاۋازلار كىشىلەرگە خۇددى يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلىناتتى. دېموف بىلەن كىليوخامۇ سىچوپكانى دوراپ ئارقا - ئار-قىدىن كىيىملىرىنى سېلىشىپ يالىڭاچلاندى ۋە ئالدىن راھەتلىنىپ كەتكەندەك قاقاقلاپ كۇلگىنىچە سۇغا سەكرەشتى. تىپتىنچ ۋە كەمتەر، كىچىك پېئىل دەريادىن

چوشكورگەن، شالاقشىغان، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلغان ئا-ۋازلار ئاڭلىناتتى. كىلىوخا يۆتىلەتتى، كولەتتى، گويا باشقىلار ئۇنى سۇغا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندەك توختىماي ۋارقىرايتتى، دېموف بولسا ئۇنى قوغ-لايتتى، ئۇنىڭ پۇتىغا چىڭ ئېسىلىۋالاتتى.

يېگورۇشكامۇ كىيىمىنى سالدى، ئەمما ئۇ دەريا بويىدىكى دۆڭگە چىقىپ سەكرىمەي، ناھايىتى تېزلىكتە ئۇدۇللا يۈگۈرۈپ بېرىپ موللاق ئېتىپ سۇغا سەكرىدى. ئۇ سۇغا خېلى چوڭقۇر چۆككەن بولسىمۇ، دەريانىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. قانداقتۇر بىر خىل كۈچ ئۇنى ھەم سالقىن، ھەم راھەت جايدىن كۆتۈرۈپ سۇ ئۈستىگە چىقاردى. ئۇ سۇ يۈزىگە چىقىپ پۇشقۇردى، سۇنى پۈۋ-لىدى، ئاندىن كۆزىنى ئاچتى. لېكىن قۇياش نۇرى دەل ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىن سۇ يۈزىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ كۆز-لىرىنى قاماشتۇرۇۋەتتى، كېيىن ئۇنىڭغا ھەسەن ـ ھۈ-سەن ۋە قارا داغ بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ يەنە دەرھال سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ كۆزىنى ئېچىۋىدى، تۇمانغا ئوخشاش يېشىللىقنى كۆردى. ھېلىقى كۈچ يەنە ئۇنى سۇ ئاس-تىغا چۆكتۈرمەي ھەم سالقىن سۇدا توختاتماي، سۇ يۈزىگە لەيلىتىپ چىقىرىپ قويدى. ئۇ سۇ يۈزىگە چىقىپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋىدى، ئىچ ـ ئىچىدىن راھەت، سال-قىن ھېس قىلدى. ئاندىن دەريا سۈيىدىن قانغۇچە ھۇ-زۇرلىنىش ئۈچۈن، ئۆزى خالىغانچە تازا ئويىنىدى، ئۇ

سۇدا ئوڭدىسىغا راھەتلىنىپ ياتتى، سۇدا موللاق ئېتىپ ئوينىدى، دۈم بولۇپ ئۈزدى. قارشى قىرغاقتا قومۇشلار قويۇق ئۆسكەن، دەريا قىرغىقىغا قۇياش ئالتۇن ھەل بەرگەندى، قومۇش پۆپۈكلىرى خۇددى چىرايلىق با-شاقلاردەك ئېگىلىپ، سۇ يۈزىگە تېگەي دەپ قالغانىدى. بىر جايدا قومۇشلار شىلدىرلاپ، قومۇش پۆپۈكلىرى لەپەڭشىپ، سۇنىڭ شالاقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى — ئەس-لىدە سچوپكا بىلەن كىلىوخا راك تۇتماقچى بولۇۋاتاتتى.

— ئەنە قاراڭلار، راك، ئاغىنىلەر، ئەنە راك! — دەپ كۆرەڭلىگەن ھالدا توۋلىدى كىلىوخا. ئۇ دېگەندەكلا بىر راك تۇتۇۋالغانىدى.

يېگورۇشكا ئۈزۈپ قومۇشلۇقنىڭ قېشىغا بېرىپ، سۇ ئاستىغا شۇڭغۇدى ۋە قومۇشلارنىڭ يىلتىزلىرىنىڭ ئەتراپىنى ئاختۇرۇپ، پاتقاقلارغا قوللىرىنى تىقىپ ئىز-دەۋاتقاندا، قولىغا ئۇچلۇق، يۇمشاق بىرنەرسە ئۇرۇندى، ئۇ راستتىنلا بىر راك بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بىراق دەل شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى ئۇنى پۇتىدىن تارتىپ سۇ ئۈستىگە چىقىرىۋەتتى. يېگورۇشكا ئاغزىغا سۇ كىرىپ كەتكەچكە قېقىلىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قارىۋى-دى، ئالدىدا چاتاقچى دېموف ھىجىيىپ تۇراتتى، ئۇ ئىتتىك - ئىتتىك نەپەس ئېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قارىغاندا، ئۇ بۇ ئويۇننى داۋاملاشتۇرماقچى بولغاندەك قىلاتتى. ئۇ بىر قولىدا يېگورۇشكانىڭ پاچىقىنى چىڭ

تۇتۇۋالغان بولۇپ، يەنە بىر قولىدا يىگورۇشكانىڭ گېلىنى سىقماقچى بولۇۋاتاتتى. بىراق يىگورۇشكا ھەم ئۇنىڭدىن بىزار بولسا، ھەم قورقۇپ ئۇنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىشىنى خالىمىغاندەك، ھەم بۇ كۈچتۈڭگۈرنىڭ ئۆزىنى سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەندەك، ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى.

— نېرى كەت! بولمىسا شاپىلاق يەيسەن جۇمۇ، — دېدى يىگورۇشكا.

ئۇنىڭچە، ئۆزىنىڭ بۇ قىلغىنى ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى تازا ئىپادىلىيەلمىگەندەك قىلاتتى. ئۇ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، يەنە:

— ئەسكى! ئەبلەخ! — دېدى.

بىراق، دېموف خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، يېگورۇشكا بىلەن كارىمۇ بولماي ئۈزۈپ كىلىيوخانىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەمدى بىز بېلىق تۇتايلى، ھاي، ھاي، كېلە ئاغىنە، بېلىق تۇتايلى، — دېدى.

— ماقۇل، — دېدى كىلىيوخا قوشۇلۇپ، — بۇ يەردە بېلىق جىق بولۇشى مۇمكىن....

— سچوپكا! كەنتكە بېرىپ دېھقانلاردىن بىرەر تور ئۆتنە ئېلىپ كەلگىنە.

— ئۇلار بەرمەيدۇ.

— ئۇلار بېرىدۇ! ئۇلارغا يالۋۇرساڭ، ئۇلارغا

پەۋەردىگارنىڭ ھەققىدە ئۆتۈنۈپ قالاي، تورنىڭلارنى بىرىپ تۇرۇڭلار دەپ يالۋۇرساڭ بېرىدۇ. چۈنكى، بىزمۇ تاۋاپ قىلغۇچىلاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيمىز ـ دە.

— راست شۇنداق.

سچوپكا سۇدىن چىقىپ دەرھال كىيىملىرىنى كىيدى، شىلەپىسىنىمۇ كىيمەستىن كەڭ پۇچقاقلىرىنى پالاقشىتىپ كەنت تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى، يېگورۇشكا دىموف بىلەن ئۆچەكىشىپ قالغاندىن بۇيان، سۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن بارلىق سېھرىي كۈچىنى يوقاتقاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ سۇدىن چىقىپ، كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى. پانتېلې بىلەن ۋاشا تىك قىرغاقتا پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ، سۇ ئۈزۈۋاتقانلارغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— سەن نېمىشقا ئۈزمەيسەن؟ — دەپ سورىدى يېگورۇشكا ۋاشادىن.

— ھەي، ھېچنېمە... سۇ ئۈزۈشنى ياخشى كۆرمەيمەن...، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاشا.

سچوپكا ھايال بولمايلا بىر تورنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. دىموف بىلەن كىليوخا سۇدا بىر ھازاغىچە تۇرغاچقا، بەدەنلىرى قىزىرىشقا، ئاۋازلىرى پۈتۈشكە باشلىدى. لېكىن ئۇلار يەنىلا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېلىق تۇتۇشماقتا ئىدى. ئۇلار ئاۋۋال قومۇشلۇقنىڭ قېشىدىكى بىر چوڭقۇر جايدا بېلىق تۇتتى، ئۇ يەرنىڭ

سۈيىنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى دېموفنىڭ بوينىغىچىلىك كې-لەتتى، پاكىنەك كىليوخانى بولسا چۆكتۈرۈۋېتەتتى. شۇڭا كىليوخانىڭ ئاغزىغا سۇ كىرىپ كېتىپ، سۇدىن كۆپۈكچىلەر پەيدا بولۇپ يۇقىرىغا ئۆرلەشكە باشلىدى، دېموف تىكەنلىك قومۇش يىلتىزىغا پۇتلىشىپ يىقى-لىپ چۈشۈپ، تورغا يۆگىشىپ قالدى، ئىككىيلەن سۇدا جان تالىشىپ پالاقشىپ يۈرۈپ جېنىنى ئاران قۇتقۇزۇ-ۋالدى، بېلىق تۇتۇشمۇ قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىكتىن ئى-بارەت بولدى، خالاس.

— سۇ بەك چوڭقۇر ئىكەن، — دېدى كىليوخا بو-غۇق ئاۋازدا، — ھېچنېمە تۇتالمىدۇق.

— بولدى تارتما، ھۇ شەيتان! — دېدى دېموف ۋار-قىرىغان ھالدا تورنى مۇۋاپىق بىر جايغا سېلىشقا كۇ-چەپ ئۇرۇنۇپ، — چىڭ تۇت!

— بۇ يەردە سىلەر ھېچنېمە تۇتالمايسىلەر، — دېدى پانتېلې قاشتا تۇرۇپ ئۇلارغا ۋارقىراپ، — ئەكسىچە بې-لىقلارنى ئۈركۈتۈۋېتىسىلەر، ھۇ دۆتلەر! يەم بىلەن سول تەرەپكە ئۆتۈڭلار، ئۇ يەر سەل تېيىزراق.

بىر قېتىم يوغان بىر بېلىق تور ئۈستىدىن غىل-پاللا ئۆتۈپ كېتىۋىدى، ئۇلار ھەممىسى «ئا» دەپ ۋارقىرىۋەتتى، دېموف ھېلىقى بېلىق ئۆتۈپ كەتكەن جايغا زەردە بىلەن بىرنى ئۇردى، ئۇ ئىنتايىن مەيۈسلەنگەندى.

— ھەي!... — دەپ ۋارقىرىدى پانتېلېي يەرنى تېپىپ تۇرۇپ، — ئۇلار بىر يوغان بېلىقنى قاچۇرۇپ قويدى! ئۇ قېچىپ كەتتى!

دېموف بىلەن كىلىيوخا پەم بىلەن سولغا سىلجىپ، ئاستا ـ ئاستا سۇرۇلۇپ تېيىزراق بىر يەرنى تېپىپ، ئۇ جايدا پۈتۈن زېھنى بىلەن بېلىق تۇتۇشقا كىرىشتى. ئۇلار ھارۋىلاردىن 300 مېتىر يىراقلاپ كەتكەنىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلار تىپتىنچ ھالدا ئاستا ئىلگىرىلەپ چوڭقۇرراق جايغا ۋە قومۇشلۇق تەرەپكە يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئۇلار تورنى يايدى، شۇنداقلا بېلىقلارنى ئۈركۈتۈپ تورغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، سۇنى شالاقشىتتى، قومۇشلارنى شالدىرلاتتى.

دېموف، كىلىيوخا، سچوپكاالار ھەر قېتىم تورنى يىغقاندا، تورغا ئىلىنىپ قالغان پاتقاقلار بىلەن خېلى ھەپىلىشىپ، بەزى نەرسىلەرنى چېلەككە سالاتتى، بەزى نەرسىلەرنى تاشلىۋېتەتتى؛ بەزىدە توردىن نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئېلىپ، قولدىن ـ قولغا سۇنۇپ، سەپسېلىپ قاراپ ئاندىن تاشلىۋېتەتتى....

— نېمىكەن؟ — ۋارقىرىدى قىرغاقتىكىلەر ئۇلارغا.

سچوپكا بىرنەرسە دەپ جاۋاب بەردى، ئەمما نېمە دېگەنلىكى ئېنىق ئاڭلانمىدى. ئۇ سۇدىن چىقتى، ئىككى قولىدا چېلەكنى چىڭ تۇتقىنىچە، كۆڭلىكىنى قويۇپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا ھارۋا تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى.

— چېلەك توشتى، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ، — ماڭا يەنە بىر چېلەك بېرىڭلار!

يېگورۇشكا چېلەككە سەپسېلىپ قارىغۇدى، چېلەك راستىنلا توشۇپتۇ. بىر تال قىزىل بارراكۇدا بېلىقى-نىڭ بېلىجىنى سۇدىن تۇمشۇقىنى چىقاردى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن راك ۋە بېلىجانلار يىغىلغانىدى. يې-گورۇشكا چېلەككە قولىنى تىقىپ سۇنى ئىلەشتۇردى. قىزىل بارراكۇدا بېلىقى راكلارنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالدى، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر سالمون بېلىقى بىلەن بىر تال كاراپ بېلىقى سۇ يۈزىگە چىقتى. ۋاسىيامۇ كېلىپ چېلەككە قاراپ باقتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆتكەندە تۇلكە كۆرگەندىكىدەك پارقىراپ كەتتى، چىرايىمۇ مۇلايىملى-شىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ چېلەكتىن نېمىنىدۇر بىر-نەرسىنى ئېلىپ، ئاغزىغا سېلىپلا چايناشقا باشلىدى.

— ئاغىنىلەر، — دېدى سچوپكا ھەيرانلىق بى-لەن، — ۋاسىيا بىر تال قىزىل بارراكۇدا بېلىقىنى تى-رىك پېتى يەۋەتتى، تۇفى!

— بارراكۇدا بېلىقى ئەمەس، خېمىكۇلتېر بېلى-قى، — دەپ خاتىرجەم جاۋاب بەردى ۋاسىيا بېلىقنى داۋاملىق چايناپ.

ئۇ ئاغزىدىن بىر بېلىق قۇيرۇقىنى ئېلىپ ئىن-چىكە قارىغاندىن كېيىن يەنە ئاغزىغا سېلىۋالدى. ئۇ قاتتىق چاينىۋىدى، گۇچۇر - گۇچۇر قىلغان ئاۋاز چىقتى.

يېگورۇشكا كۆز ئالدىدىكىسى خۇددى ئادەم ئەمەستەك ھېس قىلدى. ۋاسىيانىڭ تۆۋەن ئېڭىكى، نۇرسىز كۆز-لىرى، ئۆتكۈر كۆز ئىپادىسى، ئاغزىدىكى بېلىق قۇيرۇ-قى، بېلىقنى چاينىغان ۋاقىتتىكى ھالىتى ئۇنى گويا بىر ھايۋانغا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

يېگورۇشكىغا ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇۋېرىش مەنىسىز-دەك تۇيۇلدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بېلىقمۇ تۇتۇلۇپ بولدى، ئۇ ھارۋىنىڭ يېنىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى، ئويلايتتى. ئىچى پۇشۇپ كەتكەچكە مېڭىپ - مېڭىپ كەنت تەرەپكە كېتىپ قالدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزىنى چېركاۋدا كۆردى. ئۇ بىرەيلەننىڭ نەشە ھىدى چىقىپ تۇرىدىغان دۇمبىسىگە بېشىنى قويۇپ، ھۆكمەت ئاڭلىدى. مىسامۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى. يېگورۇشكا چېركاۋدا ئو-قۇلغان ھۆكمەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئېرەن قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇ بىردەم ئاڭلىغان-دىن كېيىن ئەسنەپ، باشقىلارنىڭ گەجگىسى ۋە دۇم-بىسىگە سەپسېلىشقا باشلىدى. بىرەيلەننىڭ گەجگىسى تېخى يېڭىلا يۇيۇنغاچقا، ھۆل ئىدى. ئۇ ئۇنىڭ يېمىل-يان ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى. ئۇ گەدىنى بىلەن چېكى-سىدىكى چاچلىرىنى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىن يۇقىرىراق ياساتقانىدى. يېمىليانىنىڭ دىڭگىيىپ تۇرغان ئىككى قۇلىقى خۇددى ئىككى تال قىرىقىزنىڭ يوپۇرمىقىغىلا ئوخشايتتى، قۇلاقمۇ جايىدا ئەمەستەك

ۇنەتتى. يېگورۇشكا ئۇنىڭ گەجگىسى بىلەن ئىككى
ىقىغا قاراپ، نېمىشقىدۇر يېمىليانىنى بەكمۇ بىتەلەي
س قىلىپ قالدى. ئۇ يېمىليانىنىڭ ئىككى قولى
لەن دىرىژورلۇق قىلىۋاتقان قىياپىتىنى، بوغۇق ئاۋا-
نى، سۇغا چۈشكەن چاغدىكى قورقۇنچاق تۇرقىنى
يلاپ، ئۇنىڭغا بەك ئىچ ئاغرىتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئىك-
ى ئېغىز كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ قوي-
قچى بولدى.

— مەنمۇ مۇشۇ يەردە، — دېدى ئۇ يېمىليانىنىڭ
ېڭىدىن تارتىپ، يېمىليان ئۆرۈلۈپ يېگورۇشكانى كۆ-
ۈپ قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە:

— چېركاۋدا بەڭۋاشلىق قىلما، — دېدى. شۇنىڭ
بىلەن يېگورۇشكا ئالدىدىكى قاتارغا قىستىلىپ ئۆتۈپ،
بۇت تەكچىسىگە تېخىمۇ يېقىن ئولتۇردى. ئۇ بۇت
تەكچىسى ئالدىغا بېرىپ، مەبۇدنى سۆيۈشكە باشلىدى. ئۇ
ھەربىر مەبۇدنىڭ ئالدىدا سالماقلىق بىلەن يۈكۈنۈپ
ئولتۇرۇپ سەجدە قىلاتتى. ئۇ ئولتۇرغان يېرىدىن قوپ-
ماي ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ كەينىدە ئىبادەت
قىلىۋاتقان كىشىلەرگە بىر قارىۋەتتى ـ دە، ئاندىن ئور-
نىدىن تۇرۇپ مەبۇدلارنى سۆيۈپ چىقتى، پېشانىسى
سوغۇق يەرگە تەگكەندە، ئۇ ناھايىتى راھەت ھېس قىل-
دى. چېركاۋنىڭ رىياسەتچىسى پەشتاقتىن چۈشۈپ ئۇ-
زۇن بىر موچەن بىلەن پىلىكنى قىسىپ شامنى

ئۆچۈرگەندە، يېگورۇشكا ئورنىدىن تېزلا تۇرۇپ ئۇن
ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى.

— ھەزرىتى ئىسانىڭ زىياپىتىدە يەيدىغان پېچە
نى تارقىتىپ بولدىڭىزما؟

— قالمىدى، تۈگەپ كەتتى...، — دېدى رىياسەتچ
غودۇڭشىپ، — بۇ يەردە ساقلاۋەرمە....

مىسا تاماملاندى. يېگورۇشكا چېركاۋدىن ئالدىرىما
چىقىپ، مەيداندا لاغايلاپ يۈردى. ئۇ تۈغۈلۈپ مۇشۇنچ
لىك بولغۇچە نۇرغۇن كەنت، مەيدان، دېھقانلارنى كۆر
گەن. شۇڭا ھازىر ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىققان ھەرقاندا
نەرسە ئۇنى قىزىقتۇرالمىدى. ئۇ قىلىدىغان ئىش بول
مىغاچقا، بىرەر ئىش تېپىپ قىلىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش
نىيىتىدە بىر دۇكانغا كىردى. بۇ دۇكاننىڭ ئىشىكىگ
قىزىل رەختتىن كەڭ پەردە ئېسىپ قويۇلغانىدى. دۇكا
ئىككىگە بۆلۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئازادە، ئەمما قاراڭغۇ
راق ئىدى. بىر تەرىپىدە رەخت، يېمەكلىكلەر ۋە م
لىچماللار، يەنە بىر تەرىپىدە بانكىلارغا قاچىلاقل
كوكۇس يېغى بار ئىدى، تورۇسقا هارۋىنىڭ جابدۇقلىر
ئېسىپ قويۇلغانىدى، دۇكاننىڭ ئىككىلا تەرىپىدىر
تاسما ۋە كوكۇس يېغىنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى
دۇكان ئىچىگە سۇ سېپىلگەنىدى، سۇ سەپكەن ئادە
ئېھتىمال تازا خىيالپەرەس ۋە ئەركىن پىكىرلىك كىش
بولسا كېرەك، پۇتكۇل پولغا رەسىملەر بىلەن ھەر خىل

كۆر ەرنى سىزىۋەتكەنىدى. سېمىز، شاپ بۇرۇت، كەڭ قۇل ۇك بومبا ساقاللىق دۇكاندار رۇس بولسا كېرەك، ھ ى پەشتاختىنىڭ ئىچىدە تۇرغان بىلەن قورسىقى بە رمەت شىرەسىگە تېگىپ تۇراتتى.

زد — ماڭا بىر كوپىكلىق گازىر بېرىڭا، — دېدى يې‑ ئو رۇشكا ئۇنىڭغا.

ك دۇكان خوجايىنى قوشۇمىسىنى تۇرۇپ پەشتاختا ىينىدىن چىقىپ، يىگورۇشكىنىڭ يانچۇقىغا چاچ مې‑ ىنىڭ قۇتىسىدا بىر كوپىكلىق گازىرنى قۇيۇپ بەردى. يگورۇشكىنىڭ كەتكۇسى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ دۇكانغا ىزىپ قويۇلغان قۇتىلاردىكى بال پېچىنىسىگە ئۇزۇن‑ ىچە قاراپ تۇردى، بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، وزاق تۇرۇپ كۆكىرىپ قالغان ۋە بىر ـ بىرىگە چاپلى‑ ىپ كەتكەن پېچىنىلەرنى بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ ۇرۇپ:

— بۇ بال پېچىنىسىنىڭ بىرى قانچە پۇل؟ — دەپ ورىدى خوجايىندىن.

— بىر كوپىكقا ئىككى، — دەپ جاۋاب بەردى خو‑ ايىن، — چاي ئىچەمسەن؟

— ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم...، — دېدى يىگورۇشكا نىلاج قوشۇلۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەر كۇنى كەم بولسا بولمايدىغان ناشتىنى ئىنتايىن سېغىنغانىدى. خوجايىن ئۇنىڭغا بىر پىيالە چاي بىلەن باشقىلار چىشلەپ قويغان

قەنتنى بەردى. يىگورۇشكا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە باشلىدى، ئۇ يەنە شېكەر يالىتىلغان ئۆرۈك مېغىزىنىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكىنى سوراي دەپ تۇرۇشىغا، دۇكانغا بىر مېھمان كىرىپ كەلدى. خوجايىن ھېلىقى بىر پىيالە چاينى بىر چەتكە قويۇپ، سودىسىنى قىلغىلى كەتتى.

يىگورۇشكا دەريا بويىغا قايتتى. دەريا بويىدا كىچىككىنە بىر گۈلخان كۆيۈۋاتاتتى، بۇ يەردە ھارۋىكەشلەر تاماق ئېتىۋاتاتتى. سچوپكا ئىسسىنىڭ ئىچىدە قازاندىكى ئاشنى پۇچۇق چۆمۈچ بىلەن ئىلەشتۇرۇۋاتاتتى. كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن كىلىيوخا بىلەن ۋاسىيا نېرىدا ئولتۇرۇپ بېلىقلارنى تازىلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا لاي ۋە سۇ چۆپلىرى چاپلىشىپ قالغان بېلىق تورى تۇراتتى. تورنىڭ ئۈستىدە پارقىراپ تۇرغان بېلىقلار ۋە راكلار پىلتىڭلاشماقتا ئىدى. يېمىليان چېركاۋدىن قايتىپ كېلىپلا پانتېلېينىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، بىلەكلىرىنى شىمايلىغاچ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى باشقىلار ئاران ـ ئاران ئاڭلىيالايتتى:

— بىز ساڭا مەدھىيە ئوقۇيمىز....

دىموف ئاتلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى، كىلىيوخا بىلەن ۋاسىيا بېلىقلارنى تازىلاپ بولۇپ، تىرىك راكلار بىلەن قوشۇپ چېلەككە سېلىپ يۇيۇپ، چېلەكتىن پورۇقلاپ قايناۋاتقان قازانغا تۆكتى.

— ياغ قۇيامدۇق؟ ـ دەپ سورىدى سچوپكا چۆمۈچ بىلەن قازاندىكى كۆپۈكلەرنى ئېلىۋېتىپ.

— ياغ قۇيۇشنىڭ نېمە هاجىتى، بېلىقلارنىڭ ئۆزىنىڭ يېغى بار ئەمەسمۇ؟ — جاۋاب بەردى كىلىوخا.

سچوپكا قازاننى چۈشۈرۈشتىن بۇرۇن، قازانغا يوغان ئۈچ چاڭگال سۆك، بىر قوشۇق تۇز سالدى. ئاخىردا تەمىنى تېتىپ باقتى، كالپۇكىنى چاكىلدىتىپ چۆمۈچنى يالىۋەتتى ـ دە، رازىمەنلىك بىلەن كېكىردىكىنى غورتۇلداتتى، بۇ شوۋىگۇرۇچ پىشىپتۇ دېگەنلىك ئىدى.

پانتېلېدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى قازاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، شوۋىگۇرۇچنى قوشۇق بىلەن ئىچىشكە باشلىدى.

— هوي، ئۇ بالىغىمۇ قوشۇق بېرىڭلار، — دېدى پانتېلي، — ئۇنىڭمۇ ئىچكۇسى باردۇ.

— بىزنىڭ بۇ تامىقىمىز سەھرالىقنىڭ تامىقى...، — دېدى كىلىوخا ئۇھ تارتىپ.

— قورساق ئاچقاندا سەھرالىقنىڭ تامىقىمۇ تاتلىق تېتىيدۇ.

ئۇلار يېگورۇشكاغا بىر قوشۇق بەردى. ئۇمۇ قازان بېشىدا ئۆرە تۇرۇپلا شوۋىگۇرۇچ ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ قازانغا خۇددى چوڭقۇر هاڭغا قارىغاندەك تىكىلىپ قارايتتى، قازاندىن بېلىقنىڭ بەتبۇي پۇرىقى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. شوۋىگۇرۇچ ئىچىدىن بېلىق قىلتىرىقلىرى چىقاتتى. راك قوشۇقتا تۇرمىغاچقا، كىشىلەر قولى بىلەنلا

ئېلىپ يەيتتى، ۋاسىيا بۇ جەھەتتە ھەرگىز تەپ تارت-
مايتتى، قازاندىكى شوۋىگۇرۇچكە قولىنىلا ئەمەس، ھەتتا
يېڭىنىمۇ مىلىۋالغانىدى. بىراق شوۋىگۇرۇچ يېگورۇش-
كاغا يەنىلا تاتلىق تېتىدى، شۇنداقلا ئۆيىدىكى ۋاقتىدا
ئاپىسى ھەر قېتىم ئۆزىگە پەرھىز كۇنلىرى ئېتىپ
بەرگەن راك شورپىسىنى ئەسلەتتى. پانتېلې بىر چەتتە
بولىكا يەپ ئولتۇردى.

ئۇلار تاماق يېگەچ پاراڭ سېلىشتى. پاراڭدىن يې-
گورۇشكا ئۇنىڭ بۇ دوستلىرىنىڭ يېشى ۋە مىجەزى
ئوخشاشمىسىمۇ ئۆزئارا ئورتاقلىقى ئىگە ئىكەنلىكىنى،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى شۇنداق ياخشى كىشىلەر
بولسىمۇ ھازىر ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ
ئۆتمۇشتىكى ئىشلىرىنى شۇنداق ھەۋەس بىلەن سۆزلى-
سىمۇ ھازىرقى ئىشلىرىغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەي-
دىغانلىقىنى بىلىۋالدى. رۇسلار ئۆتمۇشنى ئەسلەشنى
ياخشى كۆرىدۇيۇ، تۇرمۇشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، بۇ تەرد-
پىنى يېگورۇشكا تېخى چۈشەنمەيتتى. ئۇ بۇ بىر ۋاخ
تامىقىنى يەپ بولماي تۇرۇپلا، قازاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان
بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خورلانغان، تەلىيى كاج
كىشىلەر ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەندى... پانتېلې گەپ
باشلىدى:

— بۇ يەردە تۆمۈريول ياسىلىشتىن بۇرۇن مەن
ھارۋا كارۋىنىنى باشلاپ موسكۋا بىلەن نىژنى ئاربلىقىدا

قاتناپ نۇرغۇن پۇل تېپىپ، قانداق خەجلەشنى بىلەلمەي قالغانتىم. شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردىكى سودىگەرلەر قانداق سودىگەرلەر، بېلىقلار قانداق بېلىقكىن ـ تاڭ، ھەممە نەرسە شۇنداق ئەرزان ئىدى، دەڭلار! ھازىرچۇ، يولمۇ قىسقاردى، سودىگەرلەرمۇ پىخسىق بولۇپ كەتتى، پۇقرالار نامراتلىشىپ، ئاشلىق قىممەتلەپ، ھەممە نەرسە دېگۈدەك شۇنداق قىسلىشىپ كەتتى.

— ئىلگىرى مەن لۇگانىسكى زاۋۇتىنىڭ خور ئۆمىكىدە ئىشلەيتتىم، — دەپ گەپ باشلىدى يېمىليانمۇ، — ئاۋازىممۇ ياخشى ئىدى، نوتىغىمۇ ئۇستا ئىدىم. مانا ئەمدى دېھقان بولۇپ قالدىم، ئاكامغا تايىنىپ ياشاپ كېلىۋاتىمەن. ئاكام ماڭا بىرقانچە ئات بەردى، مەن شۇلارغا تايىنىپ بېيىدىم. شۇڭا، ئاكام كىرىمىمنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ.

ۋاسىيا ئەسلىدە سەرەڭگە زاۋۇتىدا ئىشلەيتتى. كىلىيوخا ئىلگىرى ياخشى بىر ئائىلىنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدىگەن، پۈتۈن رايوندىكىلەر ئۇنى بىر قولىدا ئۈچ ئاتنى ھارۋىغا قوشالايدىغان ماھىر ھارۋىكەش دەپ قارايتتى؛ دېموف باي دېھقاننىڭ ئوغلى بولۇپ، راھەتتە، غەمسىز ياشاپتىكەن. بىراق ئۇ يىگىرمە ياشقا كىرگەن يىلى قاتتىق قول، تەلەپچان دادىسىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، ئۇنى ئىشقا سالماقچى بوپتۇ، دادىسى ئۇنى ئۆيدە تۇرغۇزۇۋەرسە يامان ئۆگىنىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ،

ترانسپورت كەسپىگە ساپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت سچوپكالا سۆزلىمىدى، بىراق ئۇنىڭ كوسا يۈزىدىن قا-رىغاندا، ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى تۇرمۇشى هازىرقىدىن خې-لىلا ياخشىدەك قىلاتتى. دادىسىنىڭ گېپى چىقىۋىدى، دېموفىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپلا، يەۋاتقان تامىقىنىمۇ تاشلاپ قويۇپ نەزىرىنى يىگورۇشكادا توختاتتى.

— هەي دىنىسىز، شىلەپەڭنى ئېلىۋەت، — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن، — شىلەپە كىيىپ تاماق يېسە بولام-دىكەن؟ ئۆزۈڭ تېخى يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ تۇرساڭ!

يېگورۇشكا شىلەپىسىنى ئېلىۋەتتى، بىراق گەپمۇ قىلمىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا شوۋىگورۇچ پەقەت تېتىمىدى هەم پانتېلي بىلەن ۋاسىيانىڭ ئۆزى ئۇچۇن ناهەقچى-لىككە چىداپ تۇرالماي قىلغان گەپ ـ سۆزلىرىمۇ ئۇ-نىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ۋۇجۇدىدا هېلىقى چاتاقچىغا بولغان غەزەپ ـ نەپرەت قايناپ تاشماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭ ئاز ـ تولا ئەدىپىنى بېرىپ قويماقچى بولدى.

## 6

كارۋان دەريا بويىدا توپتوغرا بىر كۈن توختاپ، كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاندىن يولغا چىقتى. يىگورۇشكا يەنە تايلانغان يۇڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ

ياتتى. ھارۋىلار غىچىرلاپ ماڭماقتا، ئاسماندا بولسا ياي-لاق كۆيى تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاش ياڭرىماقتا. يېگورۇشكا ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئوڭدا ياتقى-نىچە ئاسمانغا قارىدى. ئۇ كەچكى شەپەقنىڭ قانچىلىك پارلاق ئىكەنلىكىگە، كېيىن يەنە قانداق يوقايدىغانلىقىغا سەپسالدى. قوغدىغۇچى پەرىشتىلەر ئۇپۇق سىزىقىنى ئالتۇندەك ساپسېرىق قاناتلىرى بىلەن يېپىپ، تۈنى-مەكچى بولغاندەك قىلاتتى.

كۈندۈز تىنچ ـ ئامان ئۆتۈپ كەتتى. كەچمۇ تىپتىنىچ يېتىپ كەلدى. پەرىشتىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەرشتىكى ئۆي-لىرىدە خاتىرجەم تۇرىدىغان بولدى.... يېگورۇشكا ئەتراپ-نىڭ ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇلىشىپ، پۈتكۈل زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانلىقىنى، يۇلتۇزلارنىڭ ئارقا ـ ئارقى-دىن چاقناۋاتقانلىقىنى كۆردى. يېگورۇشكا چوڭ ئانى-سىنى سېغىنغانىدى، ئۇ ھازىر قەبرىستانلىقتىكى گى-لاس دەرىخى تۈۋىدە خاتىرجەم ياتماقتا ئىدى. ئۇ چوڭ ئانىسىنىڭ جەسەت ساندۇقىغا قانداق ياتقۇزۇلغانلىقىنى، بەش كوپىكلىق ئىككى تەڭگىنىڭ ئۇنىڭ كۆزى ئۈستىگە قانداق قويۇلغانلىقىنى، كېيىن جەسەت ساندۇ-قىنىڭ يەرلىككە قانداق قويۇلغانلىقىنى، ئارقىدىن يەنە جەسەت ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە ئاز ـ ئازدىن توپا تاشلان-غاندىكى ئاۋازلارنى... ئەسكە ئالدى. ئۇ چوڭ ئانىسىنىڭ قاپقاراڭغۇ تار ساندۇقتا يىگانە يېتىۋاتقانلىقىنى،

ئۇنىڭدىن ھېچكىم خەۋەر ئالمايدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ توساتتىنلا يەنە چوڭ ئانىسىنىڭ قانداق-تۇر تۇيۇقسىز ئويغىنىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ نەدە ئىكەن-لىكىنى ئەسكە ئالالماي، جەسەت ساندۇقىنىڭ قاپقىقىنى ئۇرۇپ، «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ توۋلىغانلىقىنى، ئاخىردا يەنە قورقىنىدىن زەئىپلىشىپ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى تەسەۋ-ۋۇر قىلدى. ئۇ ئاپىسىنى ئۆلدى دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى، پوپ خرىستوفورنىمۇ ئۆلدى دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى، گرافنىڭ خانىمى درانىزكايا ۋە سولومونلارنىمۇ ئۆلدى دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيدىن بەك يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى، تايانچىسىز، قاراڭغۇ گۆردە يېگانە ھالدا ئۆلۈكتەك ياتقانلىقىنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلغىنى بىلەن، لېكىن ئۇنىڭ زادى قانداق ھالەت ئى-كەنلىكىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. ئۆزى ئۇچۇن ئېيتقاندىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى ئېتىراپ قىلمايتتى، ئۇ ئۆزىنى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتى....

يېرىم كېچە، ھارۋىكەشلەر بىلەن يېگورۇشكا يەنە گۇلخان يېقىپ چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. ئوت چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان چاغدا، كىلىيوخا بىلەن ۋاسىيا جىلغىنىڭ نەرىگىدۇر بىرىېرىگە سۇ ئىزدەپ كەتكەنىدى، ئۇلار قا-راڭغۇ كېچىدە غايىب بولۇشتى. بىراق ئۇلارنىڭ قولىدىكى چېلەكنىڭ تاراڭشىغان ئاۋازى بىلەن پاراڭلىرىنى

ئاڭلىغىلى بولاتتى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، جىلغا جەزمەن بەك يىراق ئەمەس. گۇلخان يورۇقى ئەتراپنى خېلى يەر-گىچە يورۇتۇپ تۇراتتى. ئوت يورۇقى ھارۋىكەشلەرنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇپ تۇرغاچقا، ئۇلار يولنىڭ كى-چىككىنە بىر قىسمىنىلا كۆرەلەيتتى. ھارۋىلاردىكى يۈكلەر، قېتىقلىق ئاتلارنى قاراڭغۇدا ئانچە ئوچۇق كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى خۇددى بىر شەكىلسىز تاغقا ئوخشايتتى. گۇلخانغا 20 قەدەم نېرى-دىكى يول بويىدىكى قەبرىنىڭ ياغاچ كرېستى قىڭغى-يىپ قالغانىدى. يېگورۇشكا گۇلخان ياقمىسىمۇ يىراق-تىكى نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولىدىغان چاغدا، يولنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىمۇ ئوخشاشلا قىڭغىيىپ قالغان بىر ياغاچ كرېستنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلغانىدى.

— بوۋا، نېمىشقا بۇ كرېستنى قاداپ قويىدۇ؟ — دەپ سورىدى يېگورۇشكا.

— بۇ دەل ئوت ئورغۇچىلار سودىگەرلەرنى ئۆلتۈرۈ-ۋەتكەن ھېلىقى جاي ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى پانتېلې بىردەم ياغاچ كرېستقا، بىردەم دېموفقا قاراپ.

دېموف خۇشياقمىغان ھالدا بىلىكىنى بېقىنىغا تىرەپ، يولغا قارىۋېتىپ دېدى:

— دەل مۇشۇ جاي....

— توغرا، شۇلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن...، — دېدى دېموف زورىغا، — دادا ـ بالا سودىگەرلەر ھارۋا بىلەن بۇت ساتقىلى

كېتىۋېتىپ بۇ يەرگە يېقىن بىر دەڭگە چۈشۈپتۇ، دادىسى هاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ، يېنىمىزدا ناھايىتى كۆپ پۇل بار دەپ پو ئېتىپتۇ. ھەممىڭلار بىلىسىلەر، سودىگەرلەر پو ئېتىشقا ئامراق كېلىدۇ. شۇ چاغدا بىر توپ ئوت ئورغۇچىلارمۇ دەڭگە چۈشۈپتىكەن. سودىگەرنىڭ پو ئاتقانلىقىنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ.

— يا تەڭرىم... مەريەم ئانا! — پانتېلې خورسىندى.

— ئەتىسى تاڭ ئېتىپتۇ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى دېموف، — سودىگەرلەر يولغا چىقماقچى بوپتۇ، ئوت ئورغۇچىلار ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بىللە ماڭماقچى بولۇپ، «بوۋا، بىللە ماڭساق زېرىكمەيمىز، خەتىرىمۇ ئاز بولىدۇ، چۈنكى بۇ دېگەن خىلۋەت جاي» دەپتۇ. سودىگەر، «بۇتلىرىم چېقىلىپ كەتمىسۇن» دەپ پىيادە مېڭىپتۇ. بۇ دەل ئوت ئورغۇچىلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بوپتۇ....

دېموف بېلىنى رۇسلاپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، ئاندىن سوزۇلۇپ بىر ئەسنىۋالدى.

— ھە راست، دەسلىپىدە تېپتىنچ مېڭىپتۇ، لېكىن سودىگەرلەر بۇ يەرگە كەلگەندە، ئوت ئورغۇچىلار ئورغىقى بىلەن ئۇلارنى جايلىۋەتمەكچى بوپتۇ. سودىگەرنىڭ ئوغلى كۈچتۈڭگۈر يىگىت ئىكەن. شۇڭا، بىر ئوت ئورغۇچىنىڭ قولىدىكى ئورغاقنى تارتىۋېلىپ ياندۇرۇپ چېپىپتۇ.... دەرۋەقە، ئۇلار ئۇستۇن كەپتۇ،

چۈنكى ئۇلار سەككىز كىشى ئىكەن! ئۇلار بۇ ئىككى سودىگەرنى چاناپ ساق يېرىنى قويماپتۇ، ئىشنى تۈگەت-كەندىن كېيىن، دادىسىنى سۆرەپ يولنىڭ بىر چېتىگە، بالىسىنى سۆرەپ يەنە بىر چېتىگە ئاپىرىپ كۆمۈۋې-تىپتۇ. بۇ كرېستىنىڭ ئۇدۇلىدا، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە يەنە بىر كرېست بار تېخى.... ئۇ كرېست هازىر بارمۇ-يوق، بۇ يەردە تۇرۇپ كۆرگىلى بولمايدىكەن....

— هازىرمۇ بار، — دېدى كىليوخا.

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، شۇ ئىشتىن كېيىن ئوت ئورغۇچىلار سودىگەرلەرنىڭ يېنىدىن ئازراقلا پۇل تې-پىپتىمىش.

— ناهايىتى ئاز، — دېدى پانتېلېي جەزملەشتۇ-رۇپ، — ئاران 100 رۇبلى تېپىپتۇدەك.

— هە راست، كېيىن ئۇلاردىنمۇ ئۈچ كىشى ئۆ-لۈپتۇ. چۈنكى، سودىگەرلەرمۇ ئورغاق بىلەن ئۇلارنى چاناپتىكەن.... ئۇلاردىن قان بەك كۆپ چىقىپ كېتىپتۇ، سودىگەرلەردىن بىرى بىرەيلەننىڭ قولىنى ئۈزۈۋېتىپ-تىكەن، ئۇ تۆت چاقىرىم يىراقلىقتىچە قېچىپ بېرىپ، كۇرىكوۋۇ كەنتىنىڭ قېشىدىكى بىر ئېدىرلىق ئۈستىدە يېتىپ قاپتۇ. باشقىلار ئۇنى ئىزدەپ تاپقاندا، ئۇ بېشىنى تىزىغا قويۇپ خۇددى خىيال سۈرۈۋاتقاندەك زوڭزىيىپ ئولتۇرغانمىش. سىنچىلاپ قارىسا، ئۇ نەپەستىن قالغانىكەن....

— ئۇلار قان ئىزىنى بويلاپ مېڭىپ تېپىپ-تۇ...، — دېدى پانتېلى.

ھەممەيلەن كرېستقا قارىدىۇ، يەنە جىمىپ كەتتى.

— دۇنيادا ئەسكى ئادەملەر كۆپ-تە، — دېدى يې-مىليان.

— كۆپ، ھەقىقەتەن كۆپ، — دېدى پانتېلى جەزم-لەشتۇرۇپ، سەل قورققاندەك قىلىپ ئوتنىڭ قېشىغى-راق سىلجىغان ھالدا پەس ئاۋاز بىلەن، — ئۇنداقلارنى ئۆمرۈمدە كۆپ كۆرگەنمەن.... ئەسكىلەر، دۇرۇس ئادەملەر ۋە قائىدىلىك ئادەملەر دەمسەن، كۆپ كۆرگەنمەن. گۇ-ناھكارلارنى ساناپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.... ئاھ پەرۋەر-دىگار، بىزنى قۇتقۇزۇۋال، بىزگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن!... ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇنغۇ دەيمەن، بەلكىم ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىر قېتىم مەن مودىشانىسكىلىق بىر سودىگەرنىڭ ھارۋى-سىنى ھەيدىدىم. ئۇ قالتىس سالاپەتلىك، كېلىشكەن، يېنىدىن پۇل ئايرىمايدىغان سودىگەر ئىدى.... ئۇ... ياخ-شى سودىگەر ئىدى... ئوبدان ئادەم ئىدى.... بىر قېتىم سەپەردە بىز بىر دەڭگە چۈشۈپ قونماقچى بولدۇق. رۇسلارنىڭ دەڭلىرى بۇ يەرنىڭ دەڭلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ يەردە دەڭنىڭ ھويلىسىدا لاپاس بولىدۇ، خۇددى ئام-بارغا ئوخشاش، ياكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتساق، قورۇقلارنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىغا ئوخشايدۇ، شۇغىنىسى

ئاشلىق ئامبارلىرى سەل ئېگىزرەك سېلىنىدۇ شۇ. شۇنداق قىلىپ بىز ئۇ دەڭگە چۈشتۇق. ئۇ دەڭ يامان ئەمەسكەن. ھېلىقى سودىگەر بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ياتتى. مەنچۇ، ئات بىلەن بىللە تۇردۇم، ھەممە ئىش شۇنداق مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئۇ كېچىسى بەكمۇ قاراڭغۇ ئىدى، ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى، كۆرىمەن دېسەكمۇ بىكار ئاۋارە بولاتتۇق. بىردەم سىرتقا چىقىپ قايتىپ كېلىپ ھارۋىنىڭ قېشىغا كېلەي دېگەندە، توساتتىن ۋال ـ ۋۇل قىلىپ ئوت كۆرۈندى. بۇ نېمە ئىشتۇ؟ خوجايىن خىزمەتكارى بىلەن بۇرۇنلا ئۇخلاپ بولغاندەك قىلغان، دەڭدە سودىگەر بىلەن مەندىن باشقا ئادەم يوقتىغۇ؟... بۇ ئوت يورۇقى نەدىن پەيدا بولغاندۇ؟ مەن گۇمانلىنىپ، يورۇق كۆرۈنگەن تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.... كېتىۋېتىپ، پەرۋەردىگاردىن ماڭا ئىچ ئاغرىتىشنى، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى تىلىدىم. يېقىن بېرىپ قارىسام، ئەسلىدە يەر ئاستىدا كىچىككىنە بىر ئۆي بولۇپ، دېرىزىسى سىرتقا قارايدىكەن ۋە دېرىزىنىڭ سىرتى تۆمۈر چىۋىقلاردىن رېشاتكىلانغان ئىكەن... مەن يەرگە يېتىپ تۇرۇپ ئىچىگە قارىدىم، شۇنداق قارىۋىدىم، پۈتۈن بەدىنىمنى قارا تەر بېسىپ كەتتى....

ئىچىگە شۇنداق قارىسام، ئۇ ئىچى شۇنداق يوغان، قاراڭغۇ ھەم سۆرۈن بىر گەمە ئىكەن.... گەمە ئىچىدىكى بىر چېلەك ئۈستىگە بىر پانار قويۇلۇپتۇ.

گەمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئون نەچچە كىشى ئۆرە تۇرغان بولۇپ، ئۇلار ئۇچىسىغا قىزىل كۆڭلەك كىيگەن، يەڭلىرى تۇرۇكلۇك هالدا ئۇزۇن پىچاقلىرىنى بىلەۋىتىپتۇ.... «ئاپلا! بىز قاراقچىلارنىڭ ئۇۋىسىغا چۈشۈپتۇق، قاراقچىلارنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىپ قاپتۇق ئەمەسمۇ!... ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟» دېگەنلەر كاللامدىن غىل-پاللا ئۆتتى-دە، سودىگەرنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئۇنى ئاستا ئويغاتتىم ۋە:

— قورقمىسىلا، خوجايىن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — ئىشىمىز چاتاق بولدى.... بىز قاراقچىلارنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىپ قاپتۇق.

ئۇنىڭ چىرايى دەرهاللا تاتىرىپ كەتتى:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز، پانتېلې؟ — دەپ سوردى ئۇ مەندىن، — مەندە يېتىم-يېسىرلارغا بېرىدىغان نۇرغۇن پۇللار بار ئىدى.... مېنىڭ بۇ جېنىمغۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىلكىدىكى جان، مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن. مەن پەقەت يېتىم-يېسىرلارنىڭ پۇللىرىنى يىتتۇرۇپ قويارمەنمىكىن دەپلا ئەنسىرەيمەن!... دېگىنە ئەمدى، قانداق قىلىمىز؟ دەرۋازىغا قولۇپ سېلىنغلىق، هارۋىلىق بولسىمۇ، پىيادە بولسىمۇ چىقالمايمىز.... ناۋادا قورۇق تام بولسىدى، ئارتىلىپ چۈشۈپ كەتسەكمۇ بولاتتى. بىراق هويلىنىڭ ئۈستىدە لاپاس بار تۇرسا!

— بولدى، قورقمىسىلا، خوجايىن، — دېدىم

مەن، — خۇداغا ئىلتىجا قىلايلى. ئۇ بەلكىم ئاشۇ يېتىم - يېسىرلارنى خورلۇقتا قالدۇرماس، مۇشۇ يەردە جىم تۇرۇپ تۇرايلى، شەپە چىقارمايلى، بەلكىم بىرەر ئوبدان چارە تېپىپ قالارمىز.... ماقۇل ئەمىسە، مەن خۇداغا ئىلتىجا قىلاي، ئۇ بىرەر ياخشى چارە كۆرسەتسە ئەجەب ئەمەس....

مەن هارۋىغا چىقىپ پەم بىلەن، باشقىلارغا تۇيدۇرماي ئېغىلنىڭ ئۆگزىسىدىكى پاخاللارنى ئىلىۋېتىپ، بىر تۆشۈك ئېچىپ يامىشىپ سىرتقا چىقتىم، ئاندىن ئۆگزىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، چوڭ يول بىلەن قېچىپ كەتتىم. گويا ئارقامدىن ئالۋاستىلار قوغلاۋاتقاندەك قاچتىم. قاچە - قاچ... شۇنداق يۈگۈردۈمكى، هېرىپ هالىمدىن كەتتىم.... شۇ يۈگۈرۈشۈمدە ئالاهازەل بەش چاقىرىمدەك يول يۈرۈپتىمەن، بولمىسا... خۇداغا شۈكرى، يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ شۇنداق قارىسام، ئالدى تەرەپتە بىر كەنت بار ئىكەن. مەن بىر كەپىنىڭ ئالدىغا بېرىپ پەنجىرىسىنى چەكتىم.

— ئەي پراۋوسلاۋ، — دېدىم مەن ئىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بېرىپ، — بىر خىرىستىئاننىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرمايدىغانسىلەر؟...

مەن كۆپچىلىكنىڭ هەممىسىنى ئويغاتتىم.... دېهقانلارنىڭ هەممىسى يىغىلىپ ماڭا ئەگىشىپ ماڭدى.... ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئارغامچا، بەزىلىرى كالتەك،

بەزىلىرى ئارا ئىلىنۋالغانىدى. بىز دەڭىنىڭ قورۇسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇدۇل گەمىگە قاراپ ماڭدۇق. قاراق-چىلار پىچاقلىرىنى يېڭىلا بىلەپ بولۇپ ھېلىقى سو-دىگەرنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ تۇرۇپتىكەن. دېھقانلار ئۇ-لارنى تۇتتى، بىرەرسىمۇ قېچىپ كېتەلمىدى. ئۇلارنى باغلاپ، باشلىقنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردۇق. سودىگەر بەك خۇش بولۇپ كېتىپ، ئۇلارغا 300 رۇبلى، ماڭا بەش تىللا بېرىپ، مېنىڭ ئىسمىمنى خاتىرە سۇپىتىدە ساقلايمەن دەپ يېزىۋالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ ئىشتىن كېيىن گەمىدىن ناھايىتى كۆپ سۆڭەك تې-پىلىپتۇ، سۆڭەك... دېمەك، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆتكەن ـ كەچكەن سودىگەرلەرنىڭ پۇلىنى بۇلاپ، جە-سەتلىرىنى كۆمۈپ، ئازراقمۇ ئىز قالدۇرماي كەلگەند-كەن.... ھىم، كېيىن ئۇلارنى مورشامىسكىدا جاللاتلار بىر تەرەپ قىپتۇمىش.

پانتېلې ھېكايىسىنى ئېيتىپ بولۇپ، ئەتراپتىكى ھېكايە ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارغا قاراپ قويدى. ئۇلار زۇۋان سۈرمەي، ئۇنىڭغا قاراپ جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. سۇ قايىنىدى، سچوپكا كۆپۈكلەرنى ئېلىۋەتتى.

— ياغنى تەييار قىلدىڭما؟ — دەپ سورىدى كىلىيو-خا بوش ئاۋازدا.

— توختاپ تۇرۇڭ... ھازىرلا ئېلىپ كېلىمەن، — دېدى سچوپكا پانتېلېغا تىكىلىپ بىر قارىۋېتىپ. ئۇ باشقا

بىر ھېكايىنى باشلىسا، ئۆزىنىڭ ئاڭلىيالماي قېلى-
شىدىن ئەنسىرىگەندەك ھارۋىلارنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ
كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ بىر ياغاچ چۆچەكنى ئې-
لىپ كېلىپ، چۆچەكتىكى توك ياغنى ئېزىشكە باشلىدى.

— يەنە بىر نۆۋەت، مەن بىر سودىگەر بىلەن بىللە
ماڭدىم...، — دەپ سۆز باشلىدى پانتېلې ئاۋازىنى ئاۋال-
قىدەكلا بوش چىقارغان ھالدا كۆزىنى مىتمۇ قىلىپ
قويماي، — ئۇ سودىگەرنىڭ ئىسمى ھېلىمۇ ئېسىمدە،
ئۇنىڭ ئىسمى پېترگرىگورىۋىچ ئىدى. ئۇمۇ ياخشى كى-
شى ئىدى... ئۇ ياخشى سودىگەر ئىدى.... بىز يەنە شۇ-
نىڭغا ئوخشاش بىر دەڭگە چۈشتۇق.... ئۇ ئايرىم بىر
ئېغىز ئۆيدە يالغۇز ياتتى. مەن يەنىلا ئاتلار بىلەن بىللە
تۇردۇم.... خوجايىن ئەر ـ ئايال ئىككىسى بەك ياخشى،
مۇلايىم ئادەملەردەك قىلاتتى. ئىشچىلارمۇ شۇنداقتەك
قىلاتتى. بىراق، ئاغىنىلەر، كۆڭلۈم بىرنەرسىنى تۇي-
غاندەك زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى! كۆڭلۈم تۇيغاندەك ئىش
بولدى. دەرۋازا ئوچۇق تۇراتتى. ئەتراپتا ناھايىتى كۆپ
ئادەم بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ خېلى قورقتۇم، كۆڭلۈم
پەقەت جايىدا ئەمەس. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا
كەتكەنىدى. تۈن يېرىم بولدى، ئورنىمىزدىن تۇرىدىغانغا
ئاز قالغانىدى، پەقەت مەنلا ھارۋا ئۈستىدە ياتاتتىم،
خۇددى ھۇۋقۇشتەك كۆزۈم ئۇيقۇغا بارمايتتى. لېكىن،
ئاغىنىلەر، شۇ ۋاقىتتا بىرىنىڭ شىپىر ـ شىپىر

قىلىپ هارۋا تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، بىر سەھرالىق ئا-يال ئىكەن، ئۇ ئۇچىسىغا كۆڭلەكلا كىيگەن، يالاڭ ئاياغ ئىدى....

— ئىشىڭىز بارمىدى، چوڭ ئانا؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى لاغىلداپ تىترەيتتى، چىرايى-دىن ئالاقزادىلىك چىقىپ تۇراتتى....

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، هەي ياخشى ئادەم! — دېدى ئۇ، — ئىش چاتاق.... خوجايىنىنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى.... ئۇلار سىزنىڭ خوجايىنىڭىز — هېلىقى سودىگەرنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى. مەن خوجايىنىنىڭ ئايالى بىلەن قى-لىشقان گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم....

دەرۋەقە مېنىڭ ئەنسىرىشىم ئورۇنسىز ئەمەس ئىكەن!

— سىز كىم؟ — سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— مەن ئۇلارنىڭ ئاشپىزى، — دېدى ئۇ.

مەن هارۋىدىن چۈشۈپ سودىگەرنىڭ قېشىغا كى-رىپ، ئۇنى ئويغاتتىم. ئۇنىڭغا ئىشنى ئۇجۇر - بۇجۇر-غىچە ئېيتىپ بېرىپ:

— ئىش چاتاقتەك قىلىدۇ پېترگرىگورىۋىچ.... كې-يىن ئۇخلىۋېلىڭ خوجايىن، هازىرنىڭ ئۆزىدىلا كىيىملىرىڭىزنى دەرهال كىيىۋېلىڭ، بۇ ناكەسنىڭ

يېرىدىن چاپسان كېتىۋالايلى...، ـ دېدىم.

ئۇ كىيىمىنى كىيىپ بولۇشىغىلا ئىشىك ئېچىلـ. دى. يائاللا!... شۇنداق قارىسام، ئاھ! مەريەم ئانا، دەڭىزنىڭ خوجايىنى ئايالى بىلەن ئۇچ ئىشلەمچىنى باشلاپ بىز تۇرغان ئۆيگە كىرىپ كېلىۋاتامدۇ! دېمەك، ئۇلار ئىشـ. لەمچىلەرنىمۇ ئىندەككە كەلتۈرۈۋاپتۇ ـ دە!

— بۇ سودىگەردە پۇل جىق. بىز ئېلىۋېلىپ بۆلۈ. شەيلى! — دېيىشتى ئۇلار.

ئۇ بەش كىشىنىڭ ھەممىسىنىڭ قوللىرىدا پىچاق بار ئىدى... پىچاق....

دەڭ خوجايىنى ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى ۋە:

— پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىۋېلىڭلار، يولۇچىلار!... ناۋادا سىلەر ۋارقىرايدىغان بولساڭلار، — دېدى ئۇ، — ئۆلىدىغان چاغدىمۇ ئىبادەت قىلغىلى قويمايمىز....

بۇنداق ئەھۋالدا كىممۇ ۋارقىرىيالىسۇن؟ بىز قورققىنىمىزدىن كانىيىمىزغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاند. دەك، ۋارقىرايلى دېسەكمۇ ۋارقىرىيالمىدۇق....

سودىگەر يىغلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ئەي پراۋوسلاۋلار! — سىلەر پۇلۇمغا كۆزۈڭلار چۈشكەچكە مېنى ئۆلتۈرمەكچى، ئۇنداقتا ئۆلتۈرىمىز دېسەڭلار، ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار، ئىش قىلىپ مەن تۇنجىسى، شۇنداقلا ئاخىرقىسىمۇ ئەمەس؛ بىزدەك نۇرغۇن سودىگەرلەر مۇشۇنداق دەڭلەردە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. لېكىن

دىنداشلار، سىلەر نېمىشقا هارۋىكىشىمنى ئۆلتۈرمەكچى بولىسىلەر؟ نېمىشقا مېنىڭ پۇلۇمنى دەپ ئۇنىڭ جې- نىغا زامىن بولماقچىسىلەر؟ — ئۇ شۇنداق قايغۇلۇق سۆزلىدى.

دەڭ خوجايىنى ئۇنىڭغا دېدى:

— ناۋادا ئۇنى هايات قالدۇرساق، ئۇ بىزنى بىرىنچى بولۇپ پاش قىلىپ قويىدۇ. بىرنى ئۆلتۈرسەكمۇ، ئىك- كىنى ئۆلتۈرسەكمۇ، ئىشقىلىپ ئوخشاش. يەتتە خىل جىنايەت سادىر قىلساڭمۇ هامان بىر قېتىم نەس باسىدۇ.... پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىۋېلىڭلار، سىلەر پەقەتلا شۇ بىر ئىشنىلا قىلالايسىلەر، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىڭلار!

سودىگەر بىلەن ئىككىمىز قاتار يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تەڭرىگە يىغلاپ ئىبادەت قىلدۇق. سودىگەر بالىلىرىنى ئويلايتتى. مەن ئۇ ۋاقىتتا ياش بولغاچقا، هايات قېلى- شىم كېرەك ئىدى.... بىز مەبۇدقا قاراپ ئىلتىجا قىل- دۇق، كۆڭلىمىز بەك يېرىم بولدى. ئۇ ئىشنى ئويلىسام، هازىرمۇ يىغلىغۇم كېلىدۇ....

ئايال خوجايىن بىزگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— سىلەر ياخشى ئادەملەر، سىلەر باشقا بىر دۇنياغا بارغاندا بىزگە بولغان نەپرىتىڭلارنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار، پەرۋەردىگارغا بىزنى جازالاشنى ئىلتىجا قىلىپمۇ ئولتۇرماڭلار، بىز بەك نامرات بولغاچقا مۇشۇنداق

قىلىۋاتىمىز.

بىز قايتا ـ قايتا دۇئا قىلدۇق، يىغلىدۇق، تەڭرى بىزنىڭ ئىلتىجايىمىزنى ئاخىر ئىلىك ئېلىپ بىزگە رەھمى كەلگەندى.... دەڭ خوجايىنى ئەمدىلا سودىگەرنىڭ ساقلىدىن تۇتۇپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ھويلىدا بىرەيلەن دېرىزىنى چەكتى. ھەممىمىز قورقۇپ كەتتۇق، دەڭ خوجايىنىمۇ قولىنى قويۇۋەتتى.... بىرەيلەن دېرىزىنى داۋاملىق چەككەچ توۋلىدى:

— پېتر گرىگورىۋىچ، سىز مۇشۇ يەردىمۇ؟ نەرسە ـ كېرەكلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇڭ، يولغا چىقايلى!

دەڭ خوجايىنى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بىرەيلەننىڭ سودىگەرنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، قورقۇپ تىكىۋەتتى.... بىز دەرھال ھويلىغا چىقىپ ھارۋىنى قېتىپ، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدۇق....

— دېرىزىنى چەككەن زادى كىمكەن؟ — دەپ سورىدى دىموف.

— دېرىزىنى چەككەن دەمسەن؟ جەزمەن ئەۋلىيا ياكى بولمىسا پەرىشتە. ئۇ يەردە باشقا ئادەم بولمىسا....

بىز ھارۋىنى ھەيدەپ ھويلىدىن چىقىدىغان چاغدا، سىرتتا بىرەرمۇ كىشىنى كۆرمىدۇق.... بۇ تەڭرىنىڭ قىلغان ئىشى.

پانتېلې يەنە باشقا ھېكايىلەرنىمۇ سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ھەممە ھېكايىسىدە «پىچاق» بار ئىدى، ئاڭلىماققا

ھەممىسىنى ئۆزى توقۇۋالغاندەك قىلاتتى. ئۇ بۇ ھېكا-
يىلەرنى باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغانمۇ ياكى ئىلگىرى ئۆزى
توقۇپ چىقىپ، كېيىن يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەچكە،
ئۆز كەچۈرمىشلىرى بىلەن خىيالىنى ئارىلاشتۇرۇۋې-
تىپ، ئايرىيالماي قالغانمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېھتى-
مالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. لېكىن بىر ئىش بەكمۇ
غەلىتە: شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ ھېكايە
ئېيتقاندا، ئېنىقكى، ئۆزى توقۇپ چىققان ھېكايىنى نا-
ھايىتى خۇشاللىق بىلەن سۆزلەپ بېرىدىغان، ئەمما ئۆز
بېشىدىن كەچۈرگەن ئىشلارنى ھەرگىز تىلغا ئالمايدى-
غان بولۇۋالدى. ئەينى چاغدا يېگورۇشكا ئۇنىڭ ھېكايى-
لىرىنى ھەقىقىي بولغان ئىشلار دەپ قالغانىدى، كېيىن
پانتېلېينىڭ مۇشۇ ئۆمرىدە پۈتكۈل رۇسىيىنى ئايلىنىپ
چىققان، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمۇ كۆپ، خوتۇن ـ بالى-
لىرىمۇ تىرىك پېتىلا كۆيۈپ كەتكەن تۇرۇقلۇق، قاراپ
تۇرۇپ ئۆزىنىڭ مول تۇرمۇشىغا شۇنچە ئېتىبارسىز
قارايدىغانلىقىدىن، ھەر قېتىم گۇلخان ئەتراپىدا ئول-
تۇرغاندا، بىر بولسا زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇۋېلىشىدىن،
بىر بولسا بولمىغان ئىشلارنى سۆزلەپ قويۇشىدىن ئە-
جەبلىنىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇلار شوۋىگۇرۇچ ئىچىۋاتقاندا ھېچكىم پاراڭ سال-
ماي، ئۆزلىرى باياتىن ئاڭلىغان ھېكايىلەرنى ئويلاپ
ئولتۇرۇشتى. تۇرمۇش قورقۇنچلۇق ۋە ئاجايىپ ـ غارايىپ

بولىدۇ. شۇڭا سىز رۇسىيىدە قانچىلىك قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى، يەنە قانداقتۇر قاراقچىلارنىڭ ئۇۋۇسىنى بىتچىت قىلغانلىق توغرىسىدا دەمسىز، پىچاق، قىلىچ توغرىسىدا دەمسىز، ھەر خىل مۆجىزىلەر توغرىسىدا دەمسىز، ئىشقىلىپ قانداقلا ھېكايە ئېيتسىڭىز، ئۇ ھېكايىلەر ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كاللىسىدا ھەقىقىي تەسىرات پەيدا قىلالايدۇ. بۇنداق ھېكايىلەرگە چوڭقۇر تەربىيە كۆرگەن كىشىلەرلا گۇمان بىلەن قارىشى مۇمكىن، بىراق، ئۇنداق كىشىلەرمۇ گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇۋالىدۇ. يول ياقىسىدىكى كرېست، قاپقارا تايلانغان يوڭلار، بىپايان تۇزلەڭلىك، گۇلخان ئەتراپىدا ئولتۇرغانلارنىڭ تەقدىرى — مانا بۇلارنىڭ ئۆزىلا ئاجايىپ غەلىتە ھەم قورقۇنچلۇق. رىۋايەت ۋە چۆچەكلەردىكى ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەرنى ئاڭلىغىنىڭىزدا چىرايىڭىزدا قان قالمىسىمۇ، ئۇ ھامان تۇرمۇش بىلەن بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ.

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى قازاننى چۆرىدەپ تاماق يېسە، پانتېلېلا بىر ياقتا، ياغاچ چۆچەكتە ئۇماچ ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قوشۇقى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئارچىدىن ياسالغان، ئۇستىگە كىچىك كىنە كرېست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەنىدى. يېگورۇشكا ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، ھېلىقى ئىستاكان ئورنىدا ئىشلەتكەن ئۆچمەس چىراغنى يادىغا ئېلىپ سچوپكادىن

بوش ئاۋازدا سورىدى:

— بوۋاي نېمىشقا ئۇ يەردە ئۆزى يالغۇز ئولتۇرىدۇ؟

— ئۇ كونىلىق تەرەپدارى، — دەپ جاۋاب بەردى سچوپكا بىلەن ۋاسىيا بوش ئاۋازدا. ئۇلارنىڭ شۇ تاپتا گەپ قىلغان ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتى خۇددى بىر-سىنىڭ بىرەر كەمچىلىكى ياكى يامان ئادىتىنى دەۋات-قانغا ئوخشايتتى.

ھەممەيلەن جىمىپ كېتىشتى، ھەممىسىنى غەم بېسىۋالغانىدى. ھېلىقى قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى ئاڭ-لىغاندىن كېيىن، ھېچقايسىسىنىڭ ئادەتتىكى ھېكايە-لەرنى ئېيتقۇسى كەلمىدى. جىمجىتلىقتا ۋاسىيا بىر-دىنلا قەددىنى رۇسلاپ، نۇرسىز كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ دىققەت بىلەن قۇلاق سالغىلى تۇردى.

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى دېموف.

— بىرى كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ۋاسىيا.

— ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى كۆردۈڭمۇ؟

— ئاۋۇ ياقتا... ئاپئاق بىرنەرسە تۇرىدۇ....

ۋاسىيا قاراپ تۇرغان تەرەپتە قاراڭغۇلۇقتىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ھەممەيلەن دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى، ئەمما ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىمىدى.

— ئۇ چوڭ يول بىلەن كېلىۋاتامدۇ؟ — دەپ سو-رىدى دېموف.

— ياق، دالا تەرەپتىن كېلىۋاتىدۇ... مۇشۇ ياققا

قاراپ كېلىۋاتىدۇ.

جىمجىتلىق ئىچىدە بىر مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتتى. ئۇلار ئۇشتۇمتۇت ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى. بىرەيلەن ناھايىتى ئىتتىك كېلىۋاتاتتى.

— ئۇ نېمە كۆتۈرۈۋالغاندۇ؟ — دېدى ۋاسىيا.

ئۇلار ھېلىقى كىشى كېلىۋاتقان تەرەپتە چۆپنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئوت - چۆپلەردىن شىپىر - شىپىر ئاۋاز چىقاتتى. ئاياغ تىۋىشى يېقىنلاپ كەلدى. بىرەيلەن يۆتەلدى، ھارۋىكەشلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا بىرىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ئۇلار ھېلىقى ناتونۇش كىشىنىڭ 30 ياشلار چامىسىدىكى ناھايىتى كۆرۈمسىز، كىشىنى جەلپ قىلغۇدەك جايلىرىمۇ يوق بىر ئەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇ ئۇكرائىن دارازىنىڭ بۇرنىمۇ، بىلەكلىرىمۇ، پۇتلىرىمۇ ئۇزۇن ئىدى. ھەممە يېرى ئۇزۇن كۆرۈنگەن بىلەن، قىسقا بويىنى ئۇنى دۈمچەكتەك كۆرسىتىپ قويغانىدى. ئۇ ياقىسى كەشتىلەنگەن، ئاپئاق، پاكىز كۆڭلەك، كەڭ ئاق ئىشتان، يېپيېڭى ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى. ھارۋىكەشلەرگە قارىغاندا، ئۇ خۇددى چوڭ بايۋەچچىلەرگىلا ئوخشايتتى. ئۇ يوغان ۋە ئاپئاق، شۇنداقلا مۇنداق قارىماققا بەكمۇ غەلىتە بىرنەرسىنى كۆتۈرۈۋالغاندەك قىلاتتى، مۈرىسىدىن بىر مىلتىقنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئوتنىڭ يورۇقىغا يېقىنلاپ كېلىپ، خۇددى يەردىن

ئۇنۇپ چىققاندەك تىك تۇردى. ئۇ ھارۋىكەشلەرگە يېرىم مىنۇتتەك قارىۋېتىپ، گۇلخانغا يېقىن كەلدى ـ دە:

— ئاغىنىلەر! — دەپ چاقىردى.

— خۇش كەپسەن يىگىت، — دېدى پانتېلىي ئۇنىڭغا جاۋابەن.

ناتونۇش كىشى قوينىدىكى نەرسىنى ئوتنىڭ يېنىغا قويۇپ (ئەسلىدە ئۇ بىر ئۆلۈك ياۋا غاز ئىدى)، كۆپچىلىك بىلەن يەنە بىر قېتىم سالاملاشتى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ياۋا غازنىڭ قېشىغا ئولىشىپ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

— بىر قۇش ئىكەنغۇ، ئۇنى نېمە بىلەن ئاتتىڭىز؟ — دەپ سورىدى دېموف.

— دانىسى چوڭ ـ چوڭ چاچما ئوقلاردا ئاتتىم.... دانىسى ئۇششاق چاچما ئوقتا ئۆلمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئادەم يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ... ئېلىپ قويۇڭلار بۇنى ئاغىنىلەر! سىلەرگە 20 كوپىكقا سېتىپ بېرەي.

— بىز ئۇنى نېمە قىلىمىز؟ ئۇنى كاۋاپ قىلىپ يېسە ياخشى بولىدۇ، قازاندا پىشۇرسا قاتتىق بولۇپ قالىدۇ، چىش ئۆتمەيدۇ....

— ئەجەبمۇ بىزار بولدۇم. ئۇنى قورۇققا ئاپارغان بولسام، خوجايىن ھېچبولمىسا يېرىم رۇبلى بېرەتتى. بىراق يول يىراق، يەنە 15 چاقىرىم يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ!

نەدىن كەلگەنلىكى نامەلۇم بۇ كىشى ئولتۇردى ـ دە، مىلتىقىنى ئېلىپ يېنىغا قويدى. ئۇ هارغاندەك قىلاتتى، روهسىز، پۈرۈلۈپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئوتنىڭ يورۇقىدا قىسىۋالغاندى، ئېهتىمال بىرەرنەرسىنى ئويلاۋاتسا كېرەك. هارۋىكەشلەر ئۇنىڭغا بىر قوشۇق بەردى، ئۇ تاماق يېيىشكە باشلىدى.

— نېمە ئادەمسىز؟ — دەپ سورىدى دىموف.

ناتونۇش كىشى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى بولغاي، ئۇن چىقارمىدى.

— سىزدىن سوراۋاتىمەن، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — دەپ يەنە بىر قېتىم سورىدى دىموف.

— مەن؟ — هېلىقى ناتونۇش كىشى تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىپ جاۋاب بەردى، — كونستانتىن زىۋۇنىك، روۋنو دېگەن يەردىن بولىمەن. بۇ يەرگە تۆت چاقىرىم كېلىدۇ.

كونستانتىن ئۆزىنىڭ ئۆلاردەك دېهقان ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۆلاردىن بىر دەرىجە يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولۇپ، ئىتتىك يەنە بىر ئېغىز سۆز قىستۇردى:

— بىر هەسەلخانامۇ بار، يەنە چوشقا بوردايمەن.

— سىز دادىڭىز بىلەن بىللە تۇرامسىز ياكى يالغۇز تۇرامسىز؟

— هازىر يالغۇز تۇرىمەن، ئۆي ئايرىپ چىققان.

مۇشۇ ئايدا، مۇقەددەس پېتر بايرىمىدىن كېيىن توي قىلدىم. ھازىر ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغان ئادەممەن... توي قىلغىلى 18 كۈن بولدى.

— قۇتلۇق ئىشكەن، — دېدى پانتېلي، — توي قىلىش ياخشى ئىش ئەمەسمۇ؟... بۇ تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى....

— ياش ئايالى ئۆيدە ئۇخلاپ قاپتۇ، ئۇ بولسا ئوتلاقتا لاغايلاپ يۈرۈپتۇ، — دېدى كىليوخا قاقاقلاپ كۈلۈپ، — قىزىق ئادەمكەن بۇ.

كونستانتىن ئاغرىغان يېرىنى بىرەيلەن چىمدىۋالغاندەك ئەندىكىپ كېتىپ كۈلۈۋەتتى، يۈزىمۇ قىزىرىپ كەتتى....

— ئاھ تەڭرىم، ئۇ ئۆيدە يوق، — دېدى ئۇ قوشۇقنى ئاغزىدىن نېرى قىلىپ، خۇشال ۋە ئەجەبلەنگەن ھالدا ئەتراپتىكى ھەممە كىشىگە قارىدى، — ئۇ ئۆيدە ئەمەس، ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكىلى ئىككى كۈن بولدى، راست، ئۇ كەتتى. مەن توي قىلمىغانغا ئوخشاش بولۇپ قالدىم....

— زېرىكىپ تىت ـ تىت بولۇپ كەتكەنسىز؟ — دەپ سورىدى دېموف.

— ئېھ، پەرۋەردىگار! سەن زادى قانداق قىلماقچى؟ توي بولۇپلا ئۇ كېتىپ قالدى... شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ھەي، بىراق شۇنداق ئىشچان قىز ئىدى، ناۋادا مېنىڭ دېگىنىم خاتا بولسا، مېنى خۇدا ئۇرسۇن، ئۇچۇ، شۇنداق ئوبدان، شۇنداق ئاق كۆڭۈل، شۇنداق كۈلگۈنچەك، ناخشا

ئېيتىشقا شۇنداق ئامراق، بەئەينى بىر پارچە ئوتنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ ئۆيدىكى ۋاقىتتا كاللام قىزىپ گاڭگىراپ قالاتتىم. ئۇ كېتىۋىدى، ئەس ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ، ئوتلاقتا سارالڭدەك ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدىم. مەن چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپلا چىقىپ كەتكەندىم. قوتقۇزۇڭلار دەپ توۋلىغۇم كېلىپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. كونستانتىن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئوتقا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— گېپىڭىزچە، ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز ـ دە...، — دېدى پانتېلې.

— ئۇ شۇنداق ياخشى، شۇنداق ئاق كۆڭۈل تۇرسا، — دېدى كونستانتىن يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ، — شۇنداق ياخشى ئايال غوجىدار، ھەم ئەقىللىق، ھەم زېرەك ئايال ئىدى، پۈتۈن ئۆلكىدىكى كىشىلەر ئارىسىدىن ئۇنداق ئايالدىن يەنە بىرنى تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ كېتىپ قالدى.... بىراق ئۇمۇ زېرىكىپ تىت ـ تىت بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. مەن بۇنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن! ئاۋۇ سېغىنىزخانمۇ خوتۇنۇڭ ئەتە چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا قايتىپ كېلىدۇ دەۋاتىدۇ!... گېپىمىزگە كەلسەك، پەقەت ئويلىمايتىكەنمەن.

كونستانتىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇ تۇيۇقسىز ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، ئولتۇرۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتتى:

— ھازىر ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، سېغىنىدۇ،

بىراق ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ماڭا تېگىشكە ئۇنىمىغانتى.

— تامىقىڭنى يەۋەر، — دېدى كىلىيوخا.

— ئۇ ماڭا تېگىشكە ئۇنىمىغانتى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى كونستانتىن، — ئۇنى ئۇچ يىل قوغلاشتىم، مەن ئۇنى دەسلەپتە كاراچىك بازىرىدا ئۇچراتقان. ئۇنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن، ئۆلۈۋالغىلى تاس قالغانىدىم.... مەن رونولۇق، ئۇ دېمىدوۋولۇق ئىدى. ئىككى جاينىڭ ئارىلىقى 25 چاقىرىم كېلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا زادىلا پۇرسەت تاپالمىدىم، ئەلچى ئەۋەتمەكچىمۇ بولدۇم، لېكىن بۇنداق قىلىشنى توغرا تاپمىدىم. ئۇ ياش، چىرايلىق، بىر پارچە ئوتنىڭ ئۆزى ئىدى، مەنچۇ، يېشىم چوڭ، 30 ياشقا كىرەي دەپ قالغانىدىم، ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا قانداقمۇ تەڭلەشتۇرەلەيمەن؟! بەلكىم بىرنەرسە، يەنى بىزنىڭ بايلىقىمىز ئۇنى قىزىقتۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇلار — ۋاخرامېكى ئائىلىسىمۇ بىزدىن قېلىشمايتتى. ئۇلارنىڭ ئالتە كالىسى، ئىككى يىلقىچىسى بار ئىدى. ئاغىنىلەر، مەن ئۇنى... ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتىمكى، سەۋدايى بولۇپ قالغىلى تاس قالغانمەن. ئۇيقۇم كەلمەيتتى، گېلىمدىن تاماقمۇ ئۆتمەيتتى، كەچكىچە خىيال سۇرەتتىم، كاللام قالايمىقان ئىدى. تەڭرىدىن بىزنى بۇنداق قىينىماسلىقنى ئىلتىجا قىلاتتىم! ھەتتا ئۇنىڭغا يېقىنراق جايدا تۇرۇپ، دائىم كۆرۈپ تۇرۇش ئۇچۇن، دېمىدوۋوغا بېرىپ

يىللىقچى بولماقچىمۇ بولدۇم.

كونستانتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا بىر قاراپ قويۇپ، گويا ھېلىلا قانداقتۇر بىر كىشىنى ئۇستىلىق بىلەن ئەخمەق قىلغاندەك پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنىڭ دەريا بويىدا بىرقانچە يىگىت بىلەن بىللە تۇرغىنىنى كۆرۈپ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئاچچىقىم كەلدى ـ دە، ئۇنى بىر چەتكە چاقىرىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن گەپ قىلدىم. بەلكىم بىرەر ساەتتەك سۆزلىگەندىمەن.... شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ ماڭا ئۈچ يىلغىچە پىسەنت قىلماي تۇرۇۋالغانىدى، بىراق شۇ قېتىم سۆزلەشكەندىن كېيىن ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدى....

— ئۇنىڭغا نېمە دېگەنتىڭىز؟ — دەپ سورىدى دېموف.

— نېمە دېگەنتىڭىز؟ ئېسىمدە قالماپتۇ... قانداق ئېسىمدە قالسۇن؟ ئەينى ۋاقىتتا مەن خۇددى چاقماقتەك توختىماي سۆزلىگەن تۇرسام، ھازىر بىر ئېغىزمۇ دېيەلمەيمەن.... ئۇ ئەنە شۇنداق قىلىپ ماڭا ياتلىق بولغان... ھازىر ئۇ ئاپىسىنىڭكىگە كەتتى. ئۇ كېتىشىگىلا يايلاققا كېلىپ لاغايلاپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆيدە تۇرغۇم كەلمەيدۇ، چىدىيالمايمەن.

كونستانتىن ئىككى پۇتىنى سوزۇپ، ئىككى قولىنى ياستۇق قىلىپ يەردە سۇنايلىنىپ ياتتى. ئاندىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ تىك ئولتۇردى. بۇ ۋاقىتتا ھەممە

كىشى ئۇنىڭ مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەن، بەختلىك بىر كىشى ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ بەخت ئىچىدە ئازاب-تىن ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى ئىنتايىن ئېنىق چۈشەندى. ئۇنىڭ كۆلۈمسىرەشلىرى، كۆزلىرى، ھەربىر ھەرىكىتى چىدىغۇسىز بەختنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ جايىدا جىم ئولتۇرالمايتتى. ئۇ مۇشۇ يات كىشىلەرگە كۆڭ-لىدىكى سۆزلىرىنى دەپ بولغاندىن كېيىنلا، ئاندىن جىمجىت ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوتقا تىكىلگەندى.

كۆپچىلىك بۇ بەختلىك كىشىنى كۆرۈپ ئولتۇ-رالماي قېلىشتى، شۇنداقلا بەختكە تەشنا بولۇشتى، ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەس ئىدى. ئۇلارنى قاتمۇقات خىياللار چىرمىۋالغانىدى. دىموف ئورنىدىن تۇرۇپ گۇلخان ئەتراپىدا ئاستا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ باسقان قەدىمىدىن، تارغاق سۆزلىكىنىڭ مىدىرلىشىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئىچى تىتىلداۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ توختاپ كونستانتىنغا قارىدى، يەنە ئولتۇر-دى. بۇ ۋاقىتتا گۇلخان ئۆچكەنىدى، ئوت يورۇقىمۇ قالمىغان، چوغ ئاستا ـ ئاستا كىچىكلەپ، ئاخىردا ئۆچ-كەنىدى.... ئوت ئۆچكەنسېرى ئاي يورۇق كۆرۈنەتتى. مانا ئەمدى ئۇلار يولنىڭ كەڭلىكىنى، تايلانغان يۇڭلارنى، هارۋىنىڭ شوتىسىنى، بوغۇز يەۋاتقان ئاتلارنى ئېنىق كۆردى. يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە يەنە بىر كرېست غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى....

دىموف ئىشىكنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ، مۈگدەپ كەتكەن ئەۋلادلىرى كونستانتىن بىلەن شۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالدى... يىغلىغان كىبىرلىك دوستىنىڭ قاتتىق ئاۋازىغا قوشۇلۇپ ئۇيقۇدا قالدى.

— ئاغىنىلەر! — دېدى ئۇ ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا، — ھەممىمىز بىللە ئېيتايلىچۇ!

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىشقا باشلىدى.

— ئاغىنىلەر، — دېدى ئۇ يەنە تەكرارلاپ، قولىنى مەيدىسىگە قويغان ھالدا، — ھەممىمىز بىللە ئېيتايلى!

— مەن بىلمەيمەن، — دېدى كونستانتىن.

ھەممەيلەن ئېيتىشقا ئۇنىمىدى، شۇنىڭ بىلەن يېمىليان ئۆزى يالغۇز ئېيتىشقا باشلىدى.

يېگورۇشكامۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ئىچى سىقىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزى چىققان هارۋىنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ، هارۋىغا چىقىپ ئاسمانغا قاراپ يېتىپ، بەختلىك كونستانتىن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئويلىدى. ئادەم نېمە ئۈچۈن توي قىلىدۇ؟ بۇ دۇنيادا نېمىشقا ئاياللار بولىدۇ؟ يېگورۇشكا ئۆزىگە مۇشۇنداق چۈشىنىكسىز سوئاللارنى قوياتتى. ئۇ ئىچىدە، «ناۋادا مۇلايىم، خۇش ئاۋاز، چىرايلىق ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرۈشسە، ئۇلار جەزمەن خۇشال يۈرىدىغاندۇ —

ھە؟!» دەپ ئويلىدى. نېمە سەۋەبتىندۇر، ئۇ گرافنىڭ خانىمى درانىزكايانى يادىغا ئېلىپ، كۆڭلىدە شۇنداق بىر ئايال بىلەن بىللە ياشىسا كۆنلىرى ئېھتىمال ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتۈشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى. ئەگەر بۇنداق خىيال ئۇنى تولىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىمىغان بولسا، ئېھتىمال ئۇ درانىزكايا بىلەن توي قىلىشنى خالاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ درانىزكايانىڭ قاش ـ كىرپىكلىرى، ئىككى كۆزى، پەيتۇنى، چەۋەنداز ھەيكىلى ئويۇلغان سائەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۇردى.... جىمجىت ـ ئىللىق كېچە ئۇنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى، بۇ ھال ئۇنىڭغا گويا ھېلىقى سۆيۈملۈك ئايال ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقاندەك، تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭغا قاراۋاتقاندەك، ئۆزىنى سۆيمەكچى بولۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى....

ھېلىقى گۇلخانىنىڭ ئاخىرقى كىچىككىنە ئىككى تال چوغى بارغانسېرى كىچىكلەشكە باشلىدى. ھارۋىكەشلەر بىلەن كونستانتىن ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ. بۇ يەردە ئولتۇرغانلار ئىلگىرىكىدىن كۆپىيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى كرېست بەلگىسى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ناھايىتى يىراق جايدا، يولنىڭ بويىدا ئوت يورۇقى كۆرۈندى، ئېھتىمال باشقىلارمۇ تاماق ئېتىۋاتقان بولسا كېرەك.

— ئەمدى يولغا چىقايلى، — دېدى پانتېلېي، — تۇ-رۇڭلار، باللار!

ئۇلار هارۋىلىرىنى قوشۇۋاتقاندا، كونستانتىن هارۋا ئەتراپىدا ماڭغاچ خوتۇنىنى ماختايتتى.

— خەير - خوش، ئاغىنىلەر! — دەپ توۋلىدى ئۇ كارۋان قوزغالغاندىن كېيىن، — كۈتۈۋالغىنىڭلارغا رەھمەت. مەن يەنە ئاشۇ ئوت كۆرۈنگەن جايغا بارىمەن، زادىلا چىدىمىدىم.

ئۇ قاراڭغۇدا ناھايىتى تېزلا غايىب بولدى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنىڭ ھېلىقى كۆرۈنگەن ئوتنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆز بەختىنى باشقىلارغىمۇ سۆزلەپ بېرىۋاتقىنى ئاڭلاندى.

ئىككىنچى كۈنى، يېگورۇشكا ئويغانغاندا تاڭ سۇ-زۇلگەنىدى. كارۋان توختاپ قالدى. بېشىغا ئاق دوپپا، ئۇچىسىغا ئەرزان كۈل رەڭ رەختتىن چاپان كىيگەن، كازاك ئېتى مىنگەن بىر كىشى ئالدىدىكى ھارۋىنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان دېموف ۋە كىليوخالار بىلەن پاراڭ-لىشىپ تۇراتتى. ئالدى تەرەپتە ئالاھازەل ئىككى چاقى-رىمچە يىراقلىقتا ئۇزۇن ۋە پاكار ئاق رەڭلىك ئاشلىق ئامبىرى، ئۆگزىسى كاھىشتا يېپىلغان كىچىك ئۆيلەر بار ئىدى. ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدا نە ھويلا، نە بىر تۇپ دەرەخ كۆرۈنمەيتتى.

— بوۋا، ئۇ قايسى كەنت؟ — دەپ سورىدى يېگورۇشكا.

— ئۇ ئەرمەنلەرنىڭ كەنتى، شاكىچىك، — دەپ جا-ۋاب بەردى پانتېلېي، — ئۇ يەردە ئەرمەنلەر تۇرىدۇ، ئۇ بولىدىغان مىللەت... ئۇ ئەرمەنلەر.

كۆل رەڭ كىيىملىك كىشى دېموف، كىلىيوخالار بىلەن گېپىنى تۈگىتىپ، كەنت تەرەپكە قاراپ تۇراتتى.

— بۇ كىشى كىم، بوۋا؟ — دەپ سورىدى يېگو-رۇشكا.

— ۋارلاموف.

— ياپىرىم! يېگورۇشكا ئىتتىك ئۆرۈلۈپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ھېلىقى ئاق دوپپىلىق كىشىگە قارىدى. ئۆ-تۈك كىيگەن، كۆرۈمسىز، پاكار ئات مىنگەن، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتتا كېلىپ دېھقانلار بىلەن پاراڭلاشقان كۆل رەڭ كىيىملىك بۇ جىۋەك كىشىنىڭ دەل ئاشۇ سىرلىق، چۈشەنگىلى بولمايدىغان، ھەممەيلەن ئىزدەۋاتىسىمۇ، مەڭگۈ «مۇشۇ ئەتراپتا ئۇيانىدىن - بۇيانغا ئايلىنىپ يۈرىدىغان»، درانىز-كايادىنمۇ باي ۋارلاموف ئىكەنلىكىنى بايقاش ناھايىتى تەس ئىدى.

— بۇ ئوبدان ئادەم، ياخشى...، — دېدى پانتېلېي ھې-لىقى كەنتكە قاراپ، — تەڭرىم ئۇنى سالامەت قىلسۇن. ناھايىتى ئوبدان بوۋاي.... فامىلىسى ۋارلاموف، ئىسمى سىمىيون ئالىكساندىرىچ.... قېرىندىشىم، بۇ دۇنيا مۇ-شۇنداق كىشىلەر بىلەن گۈللىنىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن

راست.... ئۇ خوراز چىللىماستىنلا ئورنىدىن تۇرغان.... ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا ئادەم بولغان بولسا، بۇنداق چاغدا چوقۇم ئۇخلايدۇ ياكى بولمىسا ئۆيدە مېھمانغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرىدۇ. لېكىن ئۇ ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە يايلاقتا ئايلىنىپ يۈرىدۇ.... ئۇ ھەرقانداق ئىشنى چالا قىلمايدۇ، ياق! چالا قىلمايدۇ، ئۇ يارايدىغان ئادەم....

ۋارلاموف بىرنەرسىلەرنى دەۋاتسىمۇ، كۆزىنى كەنتتىن ئۈزمەيتتى. ئۇ مىنگەن پاكار ئات توختىماي چاپچىپ تۇراتتى. كەنت تەرەپتىن بىر ئاتلىق كىشى كېلىۋاتاتتى، ئۇ كىشى بىر تەرەپكە بەكلا قىڭغايغان بولۇپ، قامچىسىنى خۇددى ئات ئوينىتىۋاتقاندەك ئاتنىڭ بېشىدا پۇلاڭلىتىپ، گويا چەۋەندازلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ھەممە كىشىنى جەلپ قىلماقچى بولـ غاندەك ھارۋا تەرەپكە ئۇچقاندەك كېلىۋاتاتتى.

— ئۇ جەزمەن ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىشلەيدىغان ئاـ دەم، — دېدى پانتېلې، — ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىرەر يۈزچە چەۋەندازى بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپمۇ تېخى.

ئاتلىق كىشى بىرىنچى ھارۋىنىڭ يېنىدا ئېتىنى توختاتتى ـ دە، بېشىدىن شلەپىسىنى ئېلىپ ۋارلاموفقا بىر خاتىرە دەپتەرنى بەردى. ۋارلاموف خاتىرە دەپتەرنىڭ ئىچىدىن بىرقانچە ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ تەپسىلىي قارىغاندىن كېيىن:

— ئىۋانچۇكنىڭ خېتى قېنى؟ — دەپ سورىدى.

ئاتلىق كىشى خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ، ئۇ قەغەز-لەرگە قاراپ مۇرىسىنى قىسىپ قويدى. ئۇ سۆزلەشكە باشلىدى، ئېھتىمال ئۆزىنى ئاقلاۋاتسا كېرەك، ئۇ ۋارلا-موفتىن كەنتكە يەنە بىر قېتىم بېرىپ كېلىشىنى ئۆتۈندى. ۋارلاموف ئېغىرلاپ قالغاندەك، ئاستىدىكى پاكار ئات تۇيۇقسىز تېپىرلاپ كەتتى، ۋارلاموفمۇ قىمىرلاپ قويدى. «كۆزۈمدىن يوقال!» دەپ ۋارقىرىدى ئۇ خاپا بولغان هالدا ئاتلىق كىشىگە قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ. ئاندىن ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، ھېلىقى قەغەزلەرگە قارىغاچ هارۋىنىڭ يېنىدا ئاستا ماڭدى. ئۇ ئاخىرقى ھارۋىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، يېگورۇشكا زەن سېلىپ قاراپ ئۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆردى. ۋارلاموف قارىماققا ئادەتتىكىچىلا، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، رۇسلارغا خاس ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئاقارغان، قىزارغان يۈزىگە شەبنەم تەگكەن، ئىنچىكە تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ياشانغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئىۋان ئىۋانو-ۋىچنىڭكىگە ئوخشاش سوغۇق تەلەت ھەم كەسىپچانلىق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇنچە زور پەرقنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس ئىدى. ئىۋان ئى-ۋانوۋىچ تاغىسىنىڭ سوغۇق تەلەتىدىن باشقا، ئۇنىڭ چىرايىدىن دائىم ئەنسىرەش ۋە قورقۇش ئالامىتى چى-قىپ تۇردۇ، ئۇ ۋارلاموفنى تاپالماسلىقتىن ئەنسىرەيدۇ،

ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ قويارمەنمىكىن، مۇۋاپىق باھانى قولدىن كەتكۈزۈپ قويارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيدۇ. ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان بۇنداق ئەرزىمەس شەخسلەرگە خاس چىراي ئىپادىسىنى ۋارلاموفنىڭ ۋۇجۇدىدىن زادىلا تاپقىلى بولمايتتى. ۋارلاموف باھانى ئۆزى بېكىتەتتى، باشقىلاردىن ياردەم سورىمايتتى ھەم باشقىلارغىمۇ تايانمايتتى، ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقى ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھەممە جايدا، ھەتتا قامچا ئويناتقان چاغدىمۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇقدارلىق ۋە يايلاق زومىگەرلىك سالاپىتىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

ئۇ يېگورۇشكىنىڭ يېنىدىن ئاتلىق ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا قارىمىدى. پەقەتلا ئۇنىڭ پاكار ئېتى يېگورۇشكانىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداقلا قاراپ قويدى، ئاتنىڭ ھاماقەتلەرگە خاس يوغان كۆزلىرى يېگورۇشكاغا تىكىلدى، بىراق ئۇنىڭمۇ تەلەتى سوغۇق ئىدى. پانتېلېي ۋارلاموفقا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، ۋارلاموف بۇنى سەزدى بولغاي، كۆزىنى قەغەزدىن ئۈزمەي تۇرۇپ:

— تىنچلىقمۇ بوۋاي؟ — دەپ قويدى مۇجمەللىكنىنا.

ۋارلاموفنىڭ ھېلىقى ئاتلىق كىشى بىلەن سۆزلەشكەن ۋە قامچا ئويناتقاندىكى سالاپىتى كارۋاندىكى بارلىق كىشىلەردە سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك تەسىرات قالدۇردى. كۆپچىلىكنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى. ئاتلىق كىشى بۇ كاتتا كىشىنىڭ ۋارقىرىشىدىن

قورقۇپ كەتتى. ئۇ شىلەپىسىنى كىيمەي، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى بوش قويۇۋېتىپ، ھەممىنىڭ ئالدىدىكى ھارۋىنىڭ يېنىدا توختىدى. ئۇ خۇددى بوگۇن دەسلەپتىلا بۇنداق پالاكەت باسىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك، زوۋان سۇرمەي جىم تۇردى.

— ئاچچىقى يامان قىرىكەن بۇ...، — دېدى پانتېلېي غودۇڭشىپ، — ئەپسۇس، ئۇنىڭ مىجەزى بەك چۇس بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ئوبدان ئادەم.... ئۇ ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئادەم تىللىمايدۇ.... ھېچ ۋەقەسى يوق....

ۋارلاموف ئۇ قەغەزلەرنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، خاتىرە دەپتەرنى يانچۇقىغا سالدى، پاكار ئات ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك، بۇيرۇقىنى كۈتمەيلا قوزغىلىپ، چوڭ يول بىلەن چېپىپ كەتتى.

## 7

شۇ كۈنى كەچتە ھارۋىكەشلەر ئارام ئېلىپ، تاماق ئېتىپ يېيىشتى. بۇ نۆۋەت دەسلەپتىلا ھەممىسىدە بىر خىل چۈشىنىكسىز، ئىچى پۇشقاندەك بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولغانىدى. ھاۋامۇ ئىسسىق بولغاچقا، سۇنى قانچە ئىچسىمۇ ئادەمنىڭ ئۇسسۇزلۇقى قانمايتتى. ئاي گويا كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندەك بىر خىل قىزىرىپ تۇتۇق كۆرۈنەتتى. يۇلتۇزلارمۇ خىرە، ئەتراپ قاراڭغۇ،

يىراق جايلار تېخىمۇ خىرە كۆرۈنەتتى. تەبىئەتمۇ بىر-رەرنەرسىنى بايقىغاندەك غەمكىن ئىدى.

گۈلخان ئەتراپى تۈنۈگۈن كەچتىكىدەك كۆڭۈللۈك ئەمەس ئىدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئىچى تىت-تىت بولغاندەك ھېس قىلىشتى، پاراڭنىڭمۇ قىزىقى بولمىدى. پانتېلې ئۈلۈغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ ئىككى پۇتىدىن ۋايساپ ئولتۇردى، دېموف بولسا يەردە بىر تال قۇرۇق چۆپنى چايناپ جىمجىت ياتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇ چايناۋاتقان چۆپ ئاچچىقتەك يىرگىنىش ئالامەتلىرى ۋە ھارغىنلىق بىلىنىپ تۇراتتى. ۋاسىيا ئېڭىكىنىڭ ئاغ-رىشىدىن قاقشاپ، ھاۋا ئۆزگىرىدىغان ئوخشايدۇ، دېدى. يېمىليان قولىنى پۇلاڭلاتماي، گۈلخانغا قارىغىنىچە جىم ئولتۇراتتى. يېگورۇشكامۇ چارچىغانىدى. بۇنداق ئايىغى چىقماس سەپەر ئۇنى ئىنتايىن بىزار قىلغان، كۈندۈز-دىكى تومۇز ئىسسىق ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋەتكەنىدى. ئۇلار تاماق تەييارلاۋاتقاندا، دېموف ئىچى سىقىلىپ ھەمراھلىرى بىلەن سەن-پەن دېيىشىپ قالدى.

— بۇ پوقاق راھەتلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، دائىملا قوشۇقنى بىرىنچى بولۇپ سوزىدۇ، — دېدى ئۇ يېمىل-يانغا زەردە بىلەن تىكىلىپ، — ئاچ كۆز! دائىم قازان بېشىغا بىرىنچى بولۇپ بېرىپ ئولتۇرۇۋالىدۇ. ئۇ ئۆزىچە مەن ھۆكمەت ئېيتتىم دەپ قاراپ، ئۆزىنى چوڭ چاغ-لىسا كېرەك. بۇ يەردە سىلەردەك تىلەمچى ھۆكمەتچىلەر

ساماندەك تولا.

— سەن ئەجەب مەن بىلەنلا قالدىڭغۇ؟ — دېدى يې-مىليان ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ.

— سېنى قازانغا بىرىنچى بولۇپ قوشۇق سالمى-سۇن دەيمەن. ئۆزۈڭنى ئۇنچە قالتىس چاغلاپ كەتمە.

— ھۇ ئەبلەخ، سالمەنغۇ-قانداق! — دېدى يې-مىليان بوغۇق ئاۋازدا.

پانتېلې بىلەن ۋاسىيا ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن بۇنداق پاراڭدىن ياخشى ئاقىۋەت چىقمايدىغان-لىقىنى پەملىدى-دە، ئارىغا چۈشۈپ دېموفقا بىكار-دىن-بىكار ئادەم تىللىماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. دېموف يېمىليانىنىڭ قولىدىن قوشۇقنى تارتى-ۋېلىپ يىراققا چۆرۈۋەتتى. كىليوخا، ۋاسىيا ۋە سچوپ-كالار ئورنىدىن تۇرۇشۇپ قوشۇقنى ئىزدەپ كېتىپ قالدى. يېمىليان ئۆتۈنۈش ۋە سوئال نەزەرى بىلەن پان-تېلېغا قارىدى. ئۇنىڭ چىرايى پۈرۈلۈپ، قاپىقى تۈرۈ-لۈپ كەتكەنىدى. ئىلگىرىكى بۇ ھۆكمەتچى ئەمدىلىكتە كىچىك بالىدەك يىغلاپ كەتتى.

يېگورۇشكا دېموفقا خېلى بۇرۇنلا ئۆچ بولۇپ كەت-كەنىدى. ئۇ، ھاۋا بىردىنلا دىمىق بولۇپ كەتكەندەك چىدىيالماي قالدى. يۈزى خۇددى ئوتقا قاقلىغاندەك قىزىپ كېتىۋاتاتتى. ئاچچىقىدا قاراڭغۇدا توختىماي قويۇلغان ھارۋىلارنىڭ قېشىغا كەتكۈسى كەلدى، لېكىن

ھېلىقى چاتاقچىنىڭ ئاچچىقلانغان ۋە خاپا بولغان قىـ-
ياپىتى ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ زىتىغا تىـ-
گىدىغان گەپتىن بىر - ئىككىنى قىلماقچى بولۇپ، دېـ-
موف تەرەپكە يەنە بىر قەدەم سۈرۈلدى ۋە قولاشمىغان
ھالدا:

— ھەممىدىن ئەسكىسى سەن، سېنى پەقەت كۆ-
رەرگە كۆزۈم يوق، — دېدى - دە، ھارۋىنىڭ قېشىغا
كەتمەي ئۇ يەردە تۇرۇۋېرىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇر-
دى، — ئۇ ئالەمگە بارغاندا دوزاقتا كۆيۈپ كەتكەيسەن
ئىلاھىم. سېنى ئىۋان ئىۋانىۋىچقا دەيمەن! يېمىليانىنى
مازاق قىلغۇچى بولما.

— قارا بۇ ئاغزىدىن سۈت پۇراپ تۇرغان چوشقا
كۈچۈكىنىڭ قالايمىقان بۇيرۇق چۇشۇرۇۋاتقىنىنى، —
دېدى دېموف كۈلۈپ تۇرۇپ، — قۇلىقىڭنى تولغاپ قو-
يايمۇ - قانداق؟

يېگورۇشكا دەم ئالالمايۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ
ئىلگىرى ھېچقاچان مۇنداق بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇ
بىردىنلا غال - غال تىترەپ يەرنى قاتتىق تەپتى ۋە
چىرقىراپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ئۇرۇڭلار ئۇنى، تازا ئەدىپىنى بېرىڭلار!

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى - دە،
ئوڭايسىزلىنىپ سەنتۈرۈلگەن ھالدا ھارۋىنىڭ قېشىغا
قايتىپ كەتتى ۋە ئۆزىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنىڭ قانداق

تەسىر قىلغانلىقىنى كۆرەلمىدى. ئۇ تايلانغان يۇڭنىڭ ئۈستىدە يېتىپ تازا يىغلىدى، ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى تارتىشاتتى، ئىچىدە «ئاپا! ئاھ، ئاپا!» دەيتتى.

ئاشۇ ئادەملەر، گۈلخان ئەتراپىدىكى كۆلەڭگىلەر، قاپقارا تايلانغان يۇڭلار، يىراقتىن يالت - يۇلت قىلىپ كۆرۈنۈۋاتقان چاقماقلار ھازىر ئۇنى قورقۇنچقا سالماقتا ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن قورقسا، بىر تەرەپتىن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆز - ئۆزىدىن سورايتتى: مەن قانداق قىلىپ، نېمىشقا بۇ ناتونۇش جايغا كېلىپ، مۇشۇ بىر توپ قورقۇنچلۇق دېھقانلارنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ قالىمەن؟ تاغام، خرىستوفور پوپ ۋە جېنىنىسكالار ھازىر قەيەردىدۇ؟ شۇنچە ئۇزۇن بولدى، ئۇلار نېمىشقا ھازىرغىچە قايتىپ كەلمەيدىغاندۇ؟ ئۇلار مېنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەردە ئۇنتۇلۇپ كېتىشىنى، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تاشلاپ قويۇلۇشىنى ئويلىسا، قورققىنىدىن تەنلىرى شۈركۈنۈپ كېتەتتى. ئۇ تايلانغان يۇڭلارنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، كەلگەن يول بىلەن يۈگۈرگىنىچە قايتىپ كەتمەكچىمۇ بولدى. لېكىن يول بويىدىكى قاپقاراڭغۇ، سۈرلۈك ئورمانلىقلاردىكى كرېستلار ۋە يىراقلاردا پىلىلداپ تۇرغان چىراغ يورۇقىنى ئويلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.... ئۇ، «ئاپا! ئاپا!» دەپ پىچىرلىغاندا ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى....

ھارۋىكەشلەرمۇ چوقۇم قورقتى بولغاي، يېگورۇشكا گۈلخان يېنىدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار خېلى ئۇ-زۇنغىچە جىمىپ كېتىشتى، ئاندىن بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاشتى. ئۇلار نېمىدۇر بىرنەرسىنىڭ كېلىدىغان-لىقى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىن دەرھال كەتمىسە بولماي-دىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەشتى.... ئۇلار تاماقلىرىنى ھاپىلا - شاپىلا يېيىشىپ بولۇپ ئوتنى ئۆچۈردى - دە، جىمجىت ھالدا ھارۋىلارغا ئاتلارنى قېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئالدىراش ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇزۇپ - ئۇزۇپ قىلىشقان سۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ قانداقتۇر بىرەر بالا - قازانىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ بولغاز-لىقى چىقىپ تۇراتتى.

يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال، دىموف پانتېلېينىڭ ئالدىغا بېرىپ پەس ئاۋازدا:

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— يېگور...، — جاۋاب بەردى پانتېلې.

دىموف بىر پۇتى بىلەن ھارۋىنىڭ چاقىغا دەسسەپ، يوك تاڭغان ئارغامچىغا ئېسىلىپ ھارۋىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. يېگورۇشكا ئۇنىڭ يۈزى ۋە بۇدۇر چاچلىرىنى كۆردى. دىموفنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، چارچىغان بولسىمۇ، ئۆچمەنلىك ئالامەتلىرى قالمىغانىدى.

— يېرا! — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا، — بولدى قىل، مېنى ئۇرۇۋال!

يېگورۇشكا ئۇنىڭغا غەلىتە بىر قاراپ قويدى، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا چاقماق چېقىپ كەتتى.

— ھېچقىسى يوق، مېنى ئۇرۇۋالساڭلا بولمىدىمۇ، — دەپ تەكرارلىدى دېموف.

ئۇ يېگورۇشكانىڭ ئۆزىنى ئۇرۇۋېلىشى ياكى ئۆزى بىلەن گەپلىشىشىگە ئانچە ئېتىۋار قىلىپ كەتمەي، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ:

— ئەجەبمۇ ئىچىم پۇشۇپ كەتتىيا! — دېدى.

ئاندىن ئۇ ئىرغاڭلىغان ھالدا تارغاق سۆڭىكىنى مىدىرلىتىپ قويۇپ، خۇشياقمىغاندەك ئاستا ھارۋىنى يانداپ مېڭىپ، ھەسرەتلىك ئاۋازدا تەكرارلىدى:

— ئەجەبمۇ ئىچىم پۇشتى! پەرۋەردىگار، ماڭا ئاچچىقلىك كەلمىسۇن.

ئاندىن يېمىليانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

— يېمىليان، بىزنىڭ بۇنداق تۇرمۇشىمىزدىن ھېچقانداق ئۈمىد قالماپتۇ، بەكلا مەنىسىز بولۇپ قاپتۇ، — دېدى.

ئوڭ تەرەپتە چاقماق چېقىلدى، بۇ چاقماق خۇددى ئەينەكتە ئەكس ئەتكەندەك يىراق جايدىمۇ بىر چاقماق چاقتى.

— يېگور، تۇتە بۇنى، — دېدى پانتېلې يوغان، قاپقارا بىر نەرسىنى ئېتىپ بېرىپ.

— نېمە ئۇ؟ — دەپ سورىدى يېگورۇشكا.

— يېپىنچا، يامغۇر ياغقىلىۋاتىدۇ، ئۇستۇڭگە يېپىۋال. يېگورۇشكا تىك ئولتۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى. يىراق بىر جاي روشەن هالدا قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتات-تى، تۇرۇپ - تۇرۇپ يەنە يالت - يۇلت قىلىپ يورۇپ كېتەتتى. ئەمدى خۇددى كۆزنى چىمچىقلاتقاندەك ئارقا - ئارقىدىن ۋالىلداشقا باشلىدى.

قاراڭغۇلۇق گويا ئۆزى بەك ئېغىرلىشىپ كېتىد-ۋاتقاندەك ئوڭ تەرەپكە قىڭغىيىشقا باشلىدى.

— بوۋا، گۇلدۇرمامىلىق يامغۇر ياغامدىكەن؟ — سورىدى يېگورۇشكا.

— ۋايجان، ئۇششۇپ قالغان ئىككى پۇتۇم سىرقى-راپ ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى پانتېلې سوزۇپ گەپ قىلىپ، ئۇ بالىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانىدى.

يىراق جاي بىلەن ئۇپۇق سىزىقى ئوتتۇرىسىدا يەنە چاقماق چاقتى. چاقماقنىڭ نۇرى شۇنداق يورۇق ئىدىكى، پۇتكۇل ئوتلاقنىڭ يېرىمى دېگۇدەك يورۇپ كەتتى. بۇ-لۇتسىز سۈپسۈزۈك ئاسمان بىلەن قاراڭغۇلۇق تۇتاشقان جايلارنىمۇ يورۇتۇۋەتتى. قورقۇنچلۇق قارا بۇلۇت قات - قات بولۇپ يىغىلىپ، بىر يەرگە ئالدىرىماي سوزۇلۇپ كېلىۋاتاتتى.... يامغۇرلۇق بۇلۇتنىڭ پارچە - پارچە ۋە چېچىلىپ تۇرغان كۆرۈنۈشى ئۇنى مەست بولۇپ قېلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. يىراقتىن قاراسلىغان گۇلدۇرماما ئاۋازى

ئاڭلاندى. يېگورۇشكا مەيدىسىگە كرېست بەلگىسىنى سىزىپ چوقۇندى ـ دە، دەرھال چاپىنىنى يېپىنىۋالدى.

دېموفىنىڭ «ئەجەبمۇ زېرىكتىما!» دېگەن ئاۋازى ئال- دىدىكى ھارۋا تەرەپتىن ئاڭلاندى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئاچ- چىقى كەلگەندەك قىلاتتى.

ئۇشتۇمتۇت بوران چىقىپ كەتتى، بوران شۇنداق دەھشەتلىك چىقتىكى، يېگورۇشكانىڭ سومكىسى بىلەن يېپىنچىسىنى ئۇچۇرۇپ كەتكىلى تاس قالدى. يېپىنچا بوراندا ھەر تەرەپكە لەپىلدەپ، ھارۋىدىكى يۇك بىلەن يېگورۇشكانىڭ يۈزىگە ئۇرۇلاتتى. بوران يايلاقتا ھۇۋلاپ قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەرنى ئۇچۇرتتى. قاتتىق بوراندا گۈل- دۈرماما ئاۋازى بىلەن ھارۋا چاقىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋا- زىمۇ ئاڭلانماي قالدى. بوران قارا بۇلۇت ئارىسىدىن چىقىپ توپا توزۇتۇپ، يامغۇر بىلەن نەم ھاۋانى بىللە ئېلىپ كەلدى.

يېگورۇشكا يامغۇر ياغىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ دەرھال يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇستىگە ھېلىقى يېپىن- چىنى يېپىنىۋالدى. چاقماق قاتتىق چېقىپ، ئاسماننىڭ ئوڭ تەرىپىدىن سول تەرىپىگە ئۆتتى. ئاندىن ئوڭ تەرى- پىگە قايتىپ كېلىپ، ئەڭ ئالدىدىكى ھېلىقى ھارۋا ئەتراپىدا غايىب بولدى.

— مۇقەددەس، مۇقەددەس، مۇقەددەس، ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار، — دەيتتى يېگورۇشكا ئىچىدە كرېست

بەلگىسىنى مەيدىسىگە سىزىپ تۇرۇپ، — ھەممىگە سېخى شانۇشەۋكىتىڭ بىلەن ئاسمان ۋە زېمىننى تول-دۇرغايسەن!

قاراڭغۇ ئاسمان ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ئاپئاق ئوت پۈركۈدى، ئارقىدىنلا يەنە گۈلدۈرماما ئاۋازى كەلدى. گۈلدۈرماما ئاۋازى پەسىيىشىگىلا شۇنداق يورۇق چاقماق چېقىلدىكى، يېگورۇشكا يېپىنچا ئارىلىقىدىن يىراقتا تۇتاشقان كەڭ بىر يولنى، بارلىق هارۋىكەشلەرنى، ھەتتا كىليوخانىڭ جىلىتكىسىنىمۇ ئېنىق كۆرەلىدى. بۇ ۋاقىتتا سول تەرەپتىكى ھېلىقى قارا پارچە بۇلۇتلار يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتاتتى، شۇ بۇلۇتلار ئىچىدىكى بەكمۇ قوپال ۋە كېلەڭسىز بىر پارچە بۇلۇت خۇددى ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى چىقىرىپ ئايغا ئېتىلغاندەك كۆرۈنەتتى. يېگورۇشكا كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، كارى بولماسلىق قارارىغا كەلدى.

نېمىشقىدۇر يامغۇر خېلىغىچە ياغمىدى. يېگورۇش-كا ئۈمىد كۈتكەن يامغۇرلۇق بۇلۇتمۇ ئۆتۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئاسمان ئادەم قورققۇدەك قاراڭغۇ ئىدى. يېگورۇشكا پانتېلېينىمۇ، تايلانغان يۈكلارنىمۇ كۆرەل-مەيتتى، ئۆزىنى تېخىمۇ كۆرەلمەيتتى. ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا، يېقىندىلا ئاي چىققان تەرەپكە قارىدى، ئۇ ياقمۇ قاپقاراڭغۇ ئىدى. قاراڭغۇدا چاقماق نۇرى تېخىمۇ ئاپئاق، تېخىمۇ يورۇق بولۇپ كەتكەندەك ئۇنىڭ كۆزىنى

چاقاتتى.

— پانتىلې، — دەپ چاقىردى يېگورۇشكا.

ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى، بۇ ۋاقىتتا شامال يېپ-پىنچىنى ئاخىرقى قېتىم بىر قايرىۋېتىپ، نەگىدۇر غايىب بولدى، ئەمما بىر خىل تەكشى، سالماق ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى. يېگورۇشكانىڭ تىزىغا بىر تېمىم سوغۇق سۇ تامچىدى، ئاندىن سىيرىلىپ ئالىقىنىغا چۈشتى. ئۇ شۇندىلا تىزىنىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى سېزىپ، يېپىنچىنى تۈزەشتۈرمەكچى بولدى، ئەمما دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بىرنەرسىنىڭ تاراسلاپ چۈشۈۋاتقانلىقى ئاڭلاندى، ئاۋۋال يولغا، ئاندىن هارۋىنىڭ شوتىسىغا، ئارقىدىن يۈكنىڭ ئۈستىگە تاراسلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ يامغۇر تامچىلىرى ئىدى. يامغۇر تامچىلىرى بىلەن يېپىنچا بىر - بىرىنى چۈشىنىدىغاندەك، خۇددى ئىككى سېغىزخان پىچىرلىشىپ سۆزلىشىۋاتقاندەك تېز، رىتىملىق سۆزلىششكە باشلىدى.

يېگورۇشكا ئۇ يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ ئۆتۈكىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردى دېسەك بولىدۇ. يامغۇر تاراسلاپ چۈشۈۋاتقاندا، ئۇ ئالدىغا ئېگىشىپ تىزىنى توستى، چۈنكى تىزى بىردەمدىلا ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ تىزىنى مىڭ بىر تەسلىكتە يېپىۋىدى، بىردەمدىلا دۈم-بىسىگە ئادەمنى شۈركۈندۈرىدىغان ھۆل تەگكەندەك

بولدى. ئۇ يەنە ئەسلىدىكى ھالەتكە كېلىۋالدى. ئۇ ھۆل بولۇپ كەتكەن تىزىغا قاراپ، ئىچىدە قاراڭغۇدا كۆرگىلى بولمايدىغان ئاشۇ يىپىنچىنى قانداق ياپسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى. لېكىن ئۇنىڭ بىلەكلىرى ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى، چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن ياقىسىدىن سۇ ئېقىۋاتاتتى، تارغىقى مۇزلاپ كەتكەندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ ھېچنېمە بىلەن كارى بولماي، يامغۇر توختىغاندىن كېيىن بىر گەپ بولار دەپ شۇ جايدا ئولتۇرۇۋەردى.

— مۇقەددەس، مۇقەددەس، مۇقەددەس...، — دەيتتى ئۇ پىچىرلاپ.

توساتتىن بېشىنىڭ ئۈستىدىلا قورقۇنچلۇق، قۇلاقنى يارغۇدەك چاقماق ئاۋازى ئاڭلاندى ـ دە، ئاسمان يېرىلىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ تۇگۇلۇۋېلىپ، نەپەس ئالماي، ئاسمان پارچىلىرىنىڭ گەدىنى ۋە دۈمبىسىگە چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئۇ كۆزىنى شۇنداق ئېچىۋىدى، كۆزنى چاقىدىغان بىر نۇر بارماقلىرىدا، ھۆل يەڭلىرىدە، يىپىنچىدىن يۈگنىڭ ئۈستىگە، ئاندىن يەرگە ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۇدا بەش قېتىم يالتىرىدى. ئاندىن يەنە قاتتىق، قورقۇنچلۇق سوقۇلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەمدى ئاسماندا گۈلدۈرماما ياكى چاقماق ئاۋازىمۇ ئاڭلانماي، كۆتەك يىرىۋاتقاندەك ئاۋاز ئاڭلىناتتى.

گۈلدۈر ـ قاراس، گۈلدۈر... گۈلدۈرماما ئاۋازى ئوچۇق

ئاڭلاندى. بۇ گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاسماننى بىر ئېلىپ، ئۇيان ـ بۇيانغا سوقۇلۇپ، ئالدىدا كېتىۋاتقان هارۋىنىڭ ئەتراپىدا ياكى ئارقا تەرەپتىكى يىراق بىر يەردە توختىدى ۋە تېخىمۇ قاتتىق گۈلدۈرلىدى....

يېگورۇشكا ئىتتىك بۇرۇلۇپ، ئالدىغا قاراپ تۇرۇ-ۋالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى.

— پانتېلې بوۋا! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

ئاسماندا گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ كۆزىنى يوغان ئېچىپ قارىۋىدى، هارۋىكەشلەر كۆرۈنمىدى. ئىك-كى جايدا چاقماق چاقتى، بۇ چاقماق ناهايىتى يىراققا سوزۇلغان يوللارنى، پۈتكۈل كارۋاننى، بارلىق هارۋى-كەشلەرنى يورۇتۇۋەتتى. يامغۇر سۈيى ئېرىق بولۇپ يول-نى بويلاپ ئاقماقتا ئىدى. پانتېلې هارۋىنىڭ يېنىدا كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ شىلەپىسى بىلەن مۈرىسى يې-پىنچا بىلەن يېپىلغانىدى. ئۇنىڭدا نە قورقۇش، نە خا-تىرجەمسىزلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. گويا ئۇ قۇلىقىنى گۈلدۈرماما گاس قىلىپ قويغاندەك، چاقماق نۇرى كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويغاندەك جىمجىت ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا يېگورۇشكا «بوۋا!» دەپ يەنە چاقىردى. ئەمما جاۋاب چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جىمجىت ئولتۇردى. ئۇ يەنە بىردەمدىن كېيىن ئۆزىنى چاقماق سوقۇۋېتىدىغانلىقىغا، كۆزىنى ئاچسىلا ئاشۇ گىگانت ئادەمنى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ ئەمدى مەيدىسىگە

كىرىشتى بەلگىسىنى سىزمايتتى، بوۋا دەپمۇ چاقىرمايتتى، ئاپىسىنىمۇ سېغىنمايتتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى توڭلاپ ئۇيۇشۇپ كەتكەنىدى، ئۇ جۇدۇن ۋە يامغۇرنىڭ مەڭگۇ توختىمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئەمما ئۇنى بىردىنلا بىرى چاقىرىپ قالدى:

— يېگور، ئۇخلاپ قالدىڭمۇ ـ نېمە؟ — پەستە پانتېلې چاقىرىۋاتاتتى، — بۇياققا چۈشە، ئەخمەق، گاس بولۇپ قالدىڭمۇ؟...

يېگورۇشكا يېپىنچىنى قايرىپ، بوغچىسىنى ئېلىپ هارۋىدىن ئىتتىك چۈشتى. گۈلدۈرماما ئاۋازى يەنىلا ئاۋۋالقىدەك قاتتىق، چاقماق يەنىلا ئاسماننى يورۇتۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قېشىدا ئادەملەر ۋە يوپيورۇق ئۆيلەر بولغاچقا، ئەمدى پەقەت قورقۇش هېس قىلمىدى.

— بۇ يامغۇر ئوبدان ياغدى، ياخشى بولدى...، — دەيتتى پانتېلې، — تەڭرىمگە شۈكرى... يامغۇردا پۈتۈممۇ ئاغرىمايۋاتىدۇ، بۇ يامغۇر يېغىپ ياخشى بولدى.... چۈشە، يېگور، بولدى، ئۆيگە كىر... يامان ئەمەس ئىكەن....

يېگورۇشكا ئۆيگە كىردى. ئۆيدە ئورۇق، ياغاق يۈز بىر دۆمچەك موماي قولىدا بىر قارا چىراغنى تۇتۇپ كۆزلىرىنى پۈرۈپ ئەسنەپ تۇراتتى.

— تەڭرى قانداق يامغۇر ئاتا قىلغاندۇ؟! — دېدى ئۇ موماي، — بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر سىرتتا يايلاقتا تۈنەپ، جاپادا قالىدىغان بولدى. ئاق كۆڭۈل كىشىلەر،

كـيـمـىڭلارنى سېلىۋېتىڭلار، كىچىك بايۋەچچە، كـيـد-
مىڭنى سېلىۋەت....

يېگورۇشكا توڭلاپ تىترەپ چىدىيالماي قالغانىدى.
ئۇ ھۆل بولۇپ كەتكەن چاپىنىنى سىلكىۋېتىپ، بە-
لەكلىرى بىلەن پۇتىنى كېرىپ، خېلى ئۇزاققىچە مى-
دىرلىماي جىم تۇردى. سەللا مىدىرلىسا، ئۇنىڭ بەدىنى
بىر خىل كۆڭۈلسىز سوغۇق ۋە نەملىكنى ھېس قى-
لاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنىڭ يېرىمى ھۆل
بولۇپ، ئىشتىنى يوتىسىغا چاپلىشىپ كەتكەنىدى، بې-
شىدىن گەدىنىگە سۇ تامچىپ چۇشۇۋاتاتتى.

— بالام، ئۇ يەردە چاتىرىقىڭنى كېرىپ تۇرغىنىڭ
نېمىسى ـ ھە؟ — دېدى موماي، — كەل، ئولتۇرۇۋال.

يېگورۇشكا ئىككى پۇتىنى يوغان كېرىپ ئالچاڭ-
شىپ شىرەنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، بىر ئورۇندۇقتا
قانداقتۇر بىر كىشىنىڭ بېشىغا يېقىن كېلىپ ئول-
تۇردى. ئۇ باش مىدىرلاپ، بۇرنىدىن پۇشۇلدىغان، ئاغ-
زىدىن بولسا بىرنەرسە كۆشىگەندەك ئاۋاز چىقىرىپ
بىردەمدىن كېيىن جىمىپ كەتتى. ھېلىقى باش تۇرغان
يەردىن تارتىپ ئورۇندۇقنى بويلاپ يېپىلغان جۇۋىنىڭ
ئاستىدا بىر دېھقان ئايال ئۇخلاۋاتاتتى.

موماي ئۇھ تارتىپ قويۇپ چىقىپ كېتىپ، ھايال
بولمايلا بىر تاۋۇز بىلەن بىر قوغۇننى كۆتۈرۈپ كىردى.

— يېگىنە، كىچىك بايۋەچچە، ئۆيۈمدە بۇنىڭدىن

باشقا سەن يېگۈدەك نەرسە يوق، بالام...، — دېدى موماي.
ئۇ ئەسنەپ، شىرەنىڭ تارتمىسىنى بىرھازاغىچە ئاختۇ-
رۇپ، ئۇزۇن بىر پىچاقنى ئالدى. بۇ پىچاق قاراقچىلار-
نىڭ دەڭدە سودىگەرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ھېلىقى
پىچىقىغا بەك ئوخشاپ كەتتى.

— يېگىنە، كىچىك بايۋەچچە، بالام!

يېگورۇشكا قىزىپ كېتىۋاتقاندەك تىترەيتتى. ئۇ
قارا بولكا بىلەن قوغۇن-تاۋۇز يەپ تېخىمۇ تولغاپ
كەتتى. موماي يەنە ئەسنەپ، ئوڭ قولى بىلەن سول
مۈرىسىنى تاتىلاپ قويدى.

— ھازىر سائەت ئىككى بولدىغۇ دەيمەن، — دېدى
موماي، — بىردەمدىلا تاڭ ئاتىدۇ، ئۆيدىكىلەر يايلاقتا
ياتقانىدى، ئۇلار چوقۇم ھۆل بولۇپ كەتتى....

— موما! — دېدى يېگورۇشكا، — ئۇيقۇم كېلىپ
كەتتى.

— يېتىۋال، كىچىك بايۋەچچە، يېتىۋال!... — دېدى
موماي ئۇھ تارتقان ھالدا يەنە ئەسنەپ، — ئاھ، ئۇلۇغ
ئىگەم ئىسا! ئەسلىدە مەن ئۇخلاپ بولغانىدىم. توساتتىن
بىرى ئىشىك چەككەندەك قىلدى. ئويغىنىپ قارىسام،
تەڭرى بىزگە ئاتا قىلغان شىپالىق يامغۇر ئىكەن....
چىراغ ياندۇراي دېگەنىدىم، تاپالمىدىم.

ئۇ ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلغاچ، ئورۇندۇق ئۈستىدىن
بىر دۆۋە ئەسكى-تۈسكىلەرنى ئالدى. ئۇنىڭ كۆپىنچىسى

ئۆزىنىڭ يوتقان ـ كۆرپىلىرى ئىدى، يەنە تامدىكى قو-زۇقتا ئېسىپ قويغان ئىككى جۇۋىنى ئېلىپ يېگورۇش-كاغا ئورۇن راسلاشقا باشلىدى.

— ئەجەبمۇ توختىمىدى بۇ يامغۇر! — دەيتتى موماي غودۇڭشىپ، — قارىغاندا بىرەر كىشىنى چاقماق سوق-مىغاندەك قىلىدۇ. بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر يايلاقتا ئۇخلاۋا-تىدۇ.... يېتىپ ئۇخلا، كىچىك بايۋەچچە.... ئىسا سەن بىلەن بىللە بالام.... قوغۇننى ئېلىۋەتمەي، ئويغانغاندا يەپ قالارسەن.

مومايىنىڭ ئۇھ تارتىشى ۋە ئەسنىشى، تاتلىق ئۇخ-لاۋاتقان دېھقان ئائىلىنىڭ پۇشۇلداشلىرى، ئۆيىنىڭ غۇۋا يورۇقلۇقى، سىرتتا يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ ئاۋازى كىشىنىڭ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرەتتى. يېگورۇشكا موماي-نىڭ ئالدىدا كىيىمىنى سېلىشتىن خىجىل بولۇپ، ئۆتۈكىنى سېلىۋېتىپلا يېتىپ جۇۋىنى ئۈستىگە يېپى-ۋالدى.

— ئوغلۇم، ئۇخلاپ قالدىڭما؟ — بىر دەمدىن كېيىن ئۇ پانتېلېينىڭ بوش ئاۋازدا قىلغان گېپىنى ئاڭلىدى.

— ئۇخلىدى، — دېدى موماي ئاستاغىنە جاۋاب بې-رىپ، — تەڭرىم غەزەپلىنىپتۇ، تازا غەزەپلىنىپتۇ، ئاس-مان گۈلدۈرلەپلا تۇرىدۇ، قاچانمۇ توختايدىكىن؟...

— بىر دەمدىلا توختايدۇ...، — دېدى پانتېلېي ئولتۇر-غاچ بوش ئاۋاز بىلەن، — گۈلدۈرماما ئاۋازى پەسىيىۋاتىدۇ.

ھەمراھلىرىم باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتتى، ئىككىسى تالادا قېلىپ، ئات ـ ھارۋىلارغا قاراۋاتىدۇ.... ھەمراھلىرىم... مۇشۇنداق قىلمايمۇ ئامال قانچە؟... ئۇنداق بولمىسا ئاتلارنى باشقىلار ئوغرىلاپ كېتىدۇ.... مەن بۇ يەردە بىردەم ئارام ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئالمىشىمەن.... مۇشۇنداق قىلمىساق بولمايدۇ.... بولمىسا ئاتلارنى ئوغرىلاپ كېتىدۇ....

پانتېلېي چىقىپ كېتىپ ئاتلارغا قارىدى. كېيىن يەنە قايتىپ كىردى. يېگورۇشكا تېخىچە ئۇخلىيالمىغانىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى. بىرنەرسە ئۇنىڭ بېشى بىلەن مەيدىسىنى بېسىۋالغاندەك ئىچى سىقىلىپ بىئارام بولۇۋاتاتتى. ئۇ بۇنىڭ زادى ھېلىقى ئىككى قىرىنىڭ بوش ئاۋازدا سۆزلەشكەن ئاۋازىمۇ ياكى قوي تېرىسىدىن چىققان ئاچچىق پۇراقمۇ ئىشقىلىپ نېمىلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇ يېگەن قوغۇن ـ تاۋۇزنىڭ تەمى خۇددى توپىنىڭ تەمىدەك بەتتەم ئىدى. يەنە كېلىپ، ئۇنى بۈرگىلەر بەك چېقىپ كەتكەنىدى.

— بوۋا، توڭلاپ كەتتىم، — دېدى ئۇ. ئۇ بۇ ئاۋازنىڭ ئۆزىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنىمۇ ئاڭقىرالماي قالدى.

— ئۇخلا، ئوغلۇم، ئۇخلا...، — دېدى موماي ئۇھ تارتىپ. كىت ئىنچىكە پۇتىنى ئاستا يۆتكەپ كارۋان يېنىغا بېرىپ بىلىكىنى پۇلاڭلاتتى، ئاندىن بىلىكىنى سوزۇپ تورۇسقا يەتكۈزۈۋېدى، چاقپەلەككە ئايلاندى.

خرىستوفور پوپنىڭ قىياپىتى پەيتۇندا ئولتۇرغاندىكىگە ئوخشىمايتتى، بەلكى ئۇ رەتلىك كىيىنىپ، قولىغا چوكا ئېلىپ چاقپەلەكنى ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۇ زەمزەم سۈيىنى چاقپەلەككە سېپىۋىدى، چاقپەلەك ئايلىنىشتىن توختاپ قالدى. يېگورۇشكا بۇنىڭ چۈشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ كۆزىنى يوغان ئاچتى.

— بوۋا! — دەپ توۋلىدى ئۇ، — سۇ ئىچىمەن!

ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. يېگورۇشكا ئۇ يەردە يې-تىۋېرىپ ئىچى سىقىلىپ، بىئارام بولغاندەك ھېس قىلدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپلا كىيىملىرىنى كىيىپ سىرتقا چىقتى. تاڭ ئاتقانىدى. ھاۋا تۇتۇق بولغىنى بى-لەن يامغۇر توختىغانىدى. يېگورۇشكا تىترەپ تۇرۇپ، بەدىنىنى چىلىق - چىلىق ھۆل پەلتو بىلەن يۆگىۋې-لىپ، پاتقاق بولۇپ كەتكەن ھويلىدا ئۇيان - بۇيان ماڭ-دى، ھويلا تىپتىنچ ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرى بىر كىچىك قوتانغا چۈشتى. قوتاننىڭ قومۇشتىن توقۇلغان ئىشىكى قىيا ئوچۇق ئىدى. ئۇ قوتانغا بېشىنى تىقىپ قاراپ بېقىپ، ئىچىگە كىردى ۋە قاراڭغۇ بۇلۇڭغا دۈۋىلەپ قويۇلغان قۇرۇق قىغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى.

يېگورۇشكا پەلتوسىنى ئۆرۈپ قارىدى. سۆڭەك تۈگمە قادالغان بۇ كۆل رەڭ پەلتو مۇراسىم كىيىمى پاسونىدا تىكىلگەن بولۇپ، يېڭى، قىممەت باھالىق نەرسە ھېسابلىناتتى. شۇڭا تاشقىرىقى ئۆيگە ئېسىلماي،

ئاپىسىنىڭ كىيىملىرى بىلەن بىللە ياتاق ئۆيگە ئېسىپ قويۇلاتتى ھەمدە ھېيت ـ بايرام كۈنلىرىلا كىيدلەتتى، يېگورۇشكا بۇ پەلتوسىغا قاراپ بەك ئېچىندى، ئۆزى بىلەن پەلتوسىغا تەقدىرگە بويسۇنماقتىن باشقا ئامالىنىڭ يوقلۇقىنى، ئۆزىنىڭ ئەمدى ئۆيگە قايتالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، يىغلاۋېرىپ قىغ دۆۋىسىدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. يېگورۇشكا تازا قانغۇچە يىغلىۋالغاندىن كېيىن قوتاندىن چىقىپ، بىر كۆلچەكنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ چوڭ كوچىغا چىقتى. ھارۋا دەل دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا توختىتىلغانىدى. كىيىملىرى ھۆل بولۇپ كەتكەن ھارۋىكەشلەر لاي چاپلىشىپ كەتكەن ئېغىر پۇتلىرىنى ئاران يۆتكىشىپ، ھارۋا ئەتراپىدا لاغايلاپ يۈرۈشەتتى ياكى ھارۋا شوتىسىدا ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار كۆزدىكى چىۋىنلەردەك روھسىز، ئۇيقۇسى تازا ئېچىلمىغانىدى. يېگورۇشكا ئۇلارغا قاراپ: «دېھقان بولماق نېمىدېگەن تەس، نېمىدېگەن جاپالىق ـ ھە؟!» دەپ ئويلىدى. ئۇ پانتېلېينىڭ يېنىغا بېرىپ، ھارۋا شوتىسىغا چىقىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— بوۋا، توڭلاۋاتىمەن، — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ، ئىككى قولىنى قوۋۇشتۇرغاچ.

— ھېچقىسى يوق، ئۇزاق قالماي يېتىپ بارىمىز، — دېدى پانتېلېي ئەسنەپ، — ھېچقىسى يوق،

بىردەمدىلا ئىسسىپ قالىسەن.

كارۋان ئەتىگەندىلا يولغا چىقتى. ھاۋا تېخى سوغۇق ئىدى. يېگورۇشكا تايلانغان يۇڭنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ياتتى، ئۇزاق قالماي كۈن چىقىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرى-نى، يۇڭلارنى، يەر-زېمىننى قۇرۇتقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا توڭلاپ تىترەپ تۇراتتى. كۆز باغلانغان چاغ، ئۇ باشقىلاردىن سۇ سورىماقچى بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى، ھارۋىلار كەڭ بىر دەريانىڭ كۆۋرۈكىدە توختىتىپ قو-يۇلغانىدى. كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىكى سۇ يۈزىدىن قاپقارا ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، ئىس ئارىسىدىن ئارقىسىغا چاتما كىمە چېتىلغان بىر پاراخوتنىڭ كېتىۋاتقانلىقى-نى كۆرگىلى بولاتتى. ئالدى تەرەپتە، دەريانىڭ قارشى تەرىپىدىكى يېشىللىققا پۈركەنگەن بىر تاغدا چېركاۋ ۋە ئۆيلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. تاغ تۈۋىدىكى بىر يۈك پويىزىنىڭ يېنىدىن بىر پاراۋوز ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.... يېگورۇشكا بۇ كەمگىچە پاراخوتنىمۇ، پاراۋوزنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان، چوڭ دەريانىمۇ ئەسلا كۆ-رۈپ باقمىغانىدى. مانا ھازىر ئۇ ئۇلارغا قاراپ قورقۇپمۇ، ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھەتتا قىزى-قىش ئالامەتلىرىمۇ كۆرۈلمىدى. ئەكسىچە كۆڭلى ئاي-نىغاندەك بولۇپ، ئىتتىكلا تايلانغان يۇڭنىڭ چېتىدە دۈم يېتىۋالدى، ئۇ ياندۇردى، بۇنى پانتېلېيمۇ كۆرۈپ، كېكىردىكىنى قىرىپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى.

— ئوغلىمىز ئاغرىپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ، — قورسىقىڭغا سوغۇق تېگىپ قاپتۇ.... ئوغلۇمغا سوغۇق تېگىپتۇ.... ئۆيدىن ئايرىلىپ سىرتتا يۈرگەن چاغدا.. تازا چاتاق بولدى.

## 8

كارۋان پرېستانغا يېقىن، مەخسۇس سودىگەرلەر چۈشىدىغان چوڭ دەڭنىڭ ئالدىدا توختىدى. يېگورۇشكا هارۋىنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋېتىپ، ناهايىتى تونۇش بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. بىرەيلەن ئۇنى يۆلەپ هارۋىدىن چۈشۈردى ۋە:

— بىز بۇ يەرگە تۈنۈگۈن كەچتىلا يېتىپ كەلگەن.... سىلەرنى بۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن ساقلىدۇق. ئەسلىدە سىلەرگە تۈنۈگۈن يېتىشىۋالارمىز دېگەنىدۇق، لېكىن يولدا سىلەرنى ئۇچرىتالمىدۇق. بىز باشقا بىر يول بىلەن مېڭىپتۇق. هەي، سەن پەلتويۇڭنى بەك پۈرلەشتۈرۈۋېتىپسەن ئەمەسمۇ، تاغاڭ تازا تىللايدىغان بولدى!

يېگورۇشكا ئۆزىگە گەپ قىلغان ئادەمنىڭ مەرمەر تاشقا ئوخشاش يۈزىگە سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ جىېنىسكا ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئالدى.

— تاغاڭ بىلەن خرىستوفور پوپ شۇ تاپتا دەڭدە

ئولتۇرىدۇ، — دېدى جېنىنسكا، — ئۇلار ناشتا قىلىۋاتىدۇ، تېز بار!

دەرۋەقە ئىۋان ئىۋانىۋىچ بىلەن خرىستوفور پوپ دەڭنىڭ ياتىقىدا شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىۋاتاتتى. ئىككى بوۋاي بالىنى كۆرۈپلا ئەجەبلەندى ھەم خۇش بولدى.

— ھە! يېگور نىكو... لايىۋىچ، — دېدى خرىستوفور پوپ، — لومونوسوف ئەپەندى!

— ھەي، ئاقسۆڭەك بايۋەچچە، — دېدى كۇزمىچىيېف، — قارشى ئالىمىز، كەل بالام، كەل!

يېگورۇشكا پەلتوسىنى سېلىۋېتىپ تاغىسى بىلەن خرىستوفور پوپنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ قويۇپ، شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ھە، بالام، يولدا جاپا چەكمىگەنسەن؟ — دەپ سورىدى خرىستوفور پوپ ئۇنىڭ پىيالىسىگە چاي قۇيۇۋېتىپ، چىرايىدىن بۇرۇنقىدەكلا كۈلكە ياغدۇرغان ھالدا، — زېرىككەنسەن ھەقىچان، تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، بۇنداق يۇك ھارۋىسىغا ھەرگىزمۇ ئولتۇرغۇزمىسۇن! تەڭرىم بىزگە كەڭچىلىك قىلغايسەن. ئۇ ماڭسا - ماڭسا ئايىغى چىقمايدىغان بىپايان يايلاق! سەپەر ئەمەس، دوزاخ ئازابىنىڭ ئۆزىغۇ بۇ. نېمىشقا چاي ئىچمەي قاراپ تۇرىسەن؟ چاي ئىچ! كارۋان بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچە ھەممە ئىشىمىزنى تۈگەتتۇق. تەڭرىمگە شۈكرى!

قوي يۇڭلىرىنى چىلىپپاسىنغا سىتىۋەتتۇق. ئەمدى پەر-ۋەردىگار ھەممىمىزنىڭ ئىشلىرىنى مۇشۇنداق ئوڭۇش-لۇق قىلسا ياخشى بولاتتى.... بىز نۇرغۇن پۇل تاپتۇق.

يېگورۇشكا ئۆز كىشىلىرىنى كۆرۈپلا، تارتقان چى-دىغۇسىز ئازابلىرىنى ئۇلارغا تۆككۈسى كېلىپ قالدى. خرىستوفور پوپنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىر-مەيتتى. ئۇ پەقەت قانداق ئېغىز ئېچىشنى، زادى قايسى ئازابلىرىنى ئېيتسام بولار دېگەنلەرنىلا ئويلايتتى، لې-كىن خرىستوفور پوپنىڭ قوپالراق، يېقىمسىز ئاۋازى ئۇنىڭ دىققىتىنى يىغىشىغا كاشىلا قىلىپ، ئوي-پىكرىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. ئۇ شىرەنىڭ يېنىدا بەش مىنۇت ئولتۇرۇپلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇزۇن ساپانىڭ ئۇستىدە ياتتى.

— ھوي، ھوي! — دېدى خرىستوفور ھەيران قې-لىپ، — نېمىشقا چاي ئىچمەي ئولتۇرىسەن؟

يېگورۇشكا تارتقان قايسى جاپاسىنى ئېيتىشنى ئويلىغاچ، پېشانىسىنى ساپانىڭ يۆلەنچۈكىگە تىرەپ ئولتۇرۇپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— ھوي، ھوي! — خرىستوفور سۆزلىگەچ ئورنىدىن تۇرۇپ ساپانىڭ قېشىغا باردى، — نېمە بولدۇڭ، نېمىشقا يىغلايسەن ـ ھە!؟

— مەن... مەن ئاغرىپ قالدىم! — دېدى يېگورۇشكا.

— ئاغرىپ قالدىم دېدىڭما؟ — دەپ سورىدى

خرىستوفور پوپ ئالدىراپ، — بۇ ياخشى بولماپتۇ، بالام... يولدا قانداقسىگە ئاغرىپ قالغانسەن؟

ئىۋان ئىۋانىۋىچ ساپاننىڭ قېشىغا بېرىپ يېگورۇش-كانىڭ بېشىنى تۇتۇپ كۆردى ـ دە، ئالاقزادە بولغان ھالدا كېكىردىكىنى قىرىپ قويۇپ، شىرەنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى.

— مۇنداق قىلايلى! سەن كىيىمىڭنى سېلىۋېتىپلا يېتىپ ئۇخلا، — دېدى خرىستوفور پوپ، — تازا قېنىپ ئۇخلىۋالساڭ ئوڭشىلىپ قالىسەن.

ئۇ يېگورۇشكانىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، بې-شىغا ياستۇق قويۇپ بېرىپ، يوتقان يېپىپ قويدى، ئۈستىگە يەنە ئىۋان ئىۋانىۋىچنىڭ پەلتوسىنىمۇ يېپىپ قويدى. ئاندىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، شىرەنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتتى. يېگورۇشكا كۆزىنى يۇمۇۋېدى، ئۆزىنى مېھمانخانىدا ئەمەس، يولدا گۈلخاننىڭ يېنىدا ياتقاندەك، يېمىليان قولىنى پۇلاڭلىتىۋاتقاندەك، دىموف بولسا كۆزلىرىنى قىزارتىپ يەردە يېتىپ ئۆزىگە قاراپ مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

— ئۇنى ئۇرۇڭلار، تازا ئۇرۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى يېگورۇشكا.

— جۆيلۈۋاتىدۇ!... — دېدى خرىستوفور بوش ئاۋازدا.

— بەكمۇ ئاۋارىچىلىك ئىشكەن! — دېدى ئىۋان ئىۋانىۋىچ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ.

ئۇنىڭ ئۇچىسىغا ياغ بىلەن ئاچچىقسۇ سۈرتۈپ قويسىلا بولىدۇ، تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، ئەتىلا سا-قىيىپ كەتكەي ئىلاھىم!

يېگورۇشكا ئىتتىك ئۆرۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئول-تۇردى. خرىستوفور پوپ يېگورۇشكانىڭ ئىچ كىيىمىنى سالدۇرۇۋېتىپ، مۇرىسىنى قىسىپ قويدى، ئۇ گويا بى-رى قىچىشقان يېرىنى قاشلاپ قويغاندەك ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ تىناتتى. ئۇ يېگورۇشكىنىڭ مەيدىسىنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

— پەرۋەردىگارنىڭ نامىدىن...، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا، — دۈمبەڭنى ئاسمانغا قىلىپ يات!... مانا ئەمدى بولدى، ئەتىلا ساقىيىپ كېتىسەن، بىراق بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۆزۈڭنى قىينىما!... ئوتتەك قىزىپ كېتىپسەن! جۇدۇن بولۇۋاتقاندا يولدا ئىكەنسىلەر ـ دە؟!

— يولدا ئىدۇق.

— ئاشۇنداق ئەھۋالدا ئاغرىماي قالامتىڭ؟! پەرۋەردى-گارنىڭ نامىدىن... ئاشۇنداق ئەھۋالدا ئاغرىماي قالام-تىڭ؟!

خرىستوفور پوپ يېگورۇشكانىڭ ئۇچىسىغا ياغ بى-لەن ئاچچىقسۇنى سۈرتۈپ بولۇپ، ئۇنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرۈپ، ئۈستىنى چۈمكەپ قويدى ۋە قولى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن كرېست بەلگىسىنى سىزىپ بولۇپ، ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەتتى. كېيىن يېگورۇشكا ئۇنىڭ

تەڭرىگە قانداق ئىلتىجا قىلغانلىقىنى كۆردى. كارىدوردىكى سائەتنىڭ قوڭغۇرىقى ئوننى سوقتى، يېگورۇشكا تاڭ ئېتىشقا خېلى ۋاقىت بارلىقىنى ئويلاپ ئىچى پۇشۇپ، بېشىنى ساپانىڭ يۆلەنچۇكىگە تىرەپ تۇردى. ئۇ ئەمدى كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان ئايدىڭ چىقماس چۇشلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا ئەمەس ئىدى. لېكىن تاڭ ئېتىشقا ئۇنىڭ پەرىزىنىڭ ئەكسىچە ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت قالمىغانىدى. بېشىنى ساپانىڭ يۆلەنچۇكىگە تىرەپ ياتقاندا ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمىگەندەك تۇيۇلغانىدى، لېكىن ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا قۇياش خېلىلا ئۆرلەپ، ياتاقنىڭ دېرىزىسى ئارقىلىق پول ئۇستىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. خرىستوفور پوپ بىلەن ئىۋان ئىۋانىۋىچ ئۆيدە يوق بولۇپ، ئۆي پاكىز سۈپۈرۈلگەن، يورۇق، ئازادە ئىدى. ئۆيدىن خرىستوفور پوپنىڭ ھىدى چىقىپ تۇراتتى، چۈنكى ئۇنىڭ تېنىدىن ھەمىشە ئارچا شېخى ۋە قوڭغۇراقۋاش گۈلىنىڭ ھىدى پۇراپ تۇراتتى. يېگورۇشكا ياستۇققا، دېرىزىدىن قىيپاش چۈشۈۋاتقان كۈن نۇرىغا، ئۆزىنىڭ پاكىز سۈرتۈلۈپ ساپانىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇلغان ئايىغىغا قارايتتى، قارىۋېتىپ كۈلۈپ قوياتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھارۋىدىكى قوي يۇڭى ئۈستىدە ئەمەسلىكىنى، ئەتراپتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆل ئەمەس قۇپقۇرۇق تۇرغانلىقىنى، تورۇستىمۇ چاقماق چاقمىغانلىقى ۋە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىمىگەنلىكىنى كۆرۈپ

ئەجەبلەندى.

ئۇ ساپادىن سەكرەپ چۈشۈپ كىيىملىرىنى كىيدى. ئۆزىنىڭ ياخشى بولۇپ كەتكەنلىكىنى، تۈنۈگۈنكى كېسەلىدىن يوتىسى بىلەن بويىنىنىڭ سەل بوشىشىپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچقانداق ئەسەر قالمىغانلىقىنى سەزدى. قارىغاندا ياغ بىلەن ئاچچىقسۇنىڭ خېلى ئۈنۈمى بولغاندەك قىلاتتى. ئۇ تۈنۈگۈن غۇۋا كۆرگەن پاراخوت، پاراۋوز، كەڭ دەريا قاتارلىقلارنى ئويلاپ، كىيىملىرىنى ئىتتىك ـ ئىتتىك كىيىپ، پرېستانغا بېرىپ كۆرۈپ باقماقچى بولدى. ئۇ يۈزىنى يۇيۇپ، ئاغزىنى چايقاپ بولغاندىن كېيىن قىزىل كۆڭلىكىنى كىيدى. دەل شۇ چاغدا، ئىشىكنىڭ قۇلۇپى بىردىنلا شاراقلاپ ئېچىلدى ـ دە، ئىشىكتە خرىستوفور پوپ پەيدا بولدى. ئۇ بېشىغا شىلەپە، ئۇچىسىغا كاناپ يەكتەكنىڭ تېشىدىن بېغىررەڭ شايىدىن تىكىلگەن مۇراسىم كىيىمىنى كىيىۋالغان، ئۇزۇن ھاسا تۇتۇۋالغانىدى. چېركاۋدىن ھېلىلا قايتىپ كەلگەن بۇ بوۋاينىڭ چىرايىدىن كۈلكە ۋە نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئۇ ھەزرىتى ئىسا پېچىنىسى بىلەن بىر بولاق نەرسىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ، دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن:

— تەڭرى بىزگە رەھىم قىلسۇن! ھە... بالام، ئۆزۈڭ قانداقراق تۇرىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھازىر ياخشى بولۇپ كەتتىم، — دەپ جاۋاب

بەردى يېگورۇشكا ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ.

پوپ مۇراسىم كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، مەيدىسىنى سىلاپ قويۇپ ھېلىقى بولاقنى ئالدىرىماي ئاچتى. بولاقنىڭ ئىچىدە بىر قۇتا بېلىق تۇخۇمى قىيامى، بىر پارچە سۇرلەنگەن ئوستېر بېلىقى گۆشى، بىر پارچە فرانسىيە بولكىسى بار ئىدى.

— قارا، بۇنى مەن بېلىق دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئالغاچ كەلدىم، — دېدى خرىستوفور، — ئادەتتىكى كۈنلەردە بۇنداق ھەشەمەتچىلىك قىلىش مۇمكىن بولاتتى، لېكىن، مېنىڭچە ئۆيىمىزدە بىمار بولغاچقا، بۇنى كەچۈرۈۋېتىشكە بولىدۇ. بېلىق تۇخۇمى قىيامى ناھايىتى ياخشىكەن، ئوستېر بېلىقىنىڭ...

ئاق كۆڭلەكلىك بىر كىشى ساماۋار بىلەن چىنە - چەينەكلەر قويۇلغان پەتنۇسنى ئېلىپ كىردى.

— يېگىن، — دېدى خرىستوفور پوپ بېلىق تۇخۇمى قىيامىنى بولكىغا سۈركەپ يېگورۇشكىغا سۇنۇپ، — ھازىر تويغۇچە يەپ - ئىچىپ، ئوينىساڭمۇ چاتاق يوق. لېكىن مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى. ئېسىڭدە بولسۇن، ئوقۇغاندا كۆڭۈل قويۇپ تىرىشىپ ئوقۇغىن، شۇنداق قىلساڭ ھامان نەتىجە قازىنىسەن. يادلاشقا تېگىشلىكلىرىنى پۇختا يادلىۋال، ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئۆلۈك ھالدىلا يادلىماي، ئۆزۈڭنىڭ چۈشەنچىسىگە ئايلاندۇرۇۋال، ھەممە

دەرسلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئۆگەن. لاتىنچە، فرانسۇزچە دېمىسەن، نېمىسچە دېمىسەن... ئەلۋەتتە يەنە جۇغراپىيە، تارىخ، تېئولوگىيە، پەلسەپە، ماتېماتىكا... قاتارلىقلارنى ياخشى ئۆگەن. سەن ئالدىرىماي ـ تەمتىرىمەي، تەڭرىگە ئىلتىجا قىلغاچ ھەممە دەرسلەرنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، باشقا ئىش قىلساڭ بولىدۇ. ناۋادا ھەممىنى بىلىۋالساڭ، ھەرقانداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايسەن.... ئوقۇشنى ياخشى ئوقۇساڭلا تەڭرى ئىلتىپات قىلىدۇ، قانداق ئادەم بولۇشىڭنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دوختۇر دېمىسەن، سودىيە دېمىسەن، ئىنژېنېر دېمىسەن...

خرىستوفور پوپ كىچىككىنە بولكىغا بېلىق تۇ-خۇمى قىيامىنى ئاز ـ ئازدىن سۈركەپ ئاغزىغا سېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن كونىچە مەكتەپتە تەربىيە ئالغان. ھازىر ئوقۇغان نەرسىلىرىمنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۇنتۇپ كەت-تىم، ئەمما مېنىڭ تۇرمۇشۇم باشقىلارنىڭكىگە ئانچە ئوخشاشمايدۇ، سېلىشتۇرغىلىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن ئا-لايلۇق، مەن ئادەم كۆپ بىرەر جايغا بېرىپ زىياپەتكە داخىل بولغاندا ياكى بىرەر يىغىنغا قاتناشقاندا، بىرەر ئېغىز لاتىنچە سۆزلەپ قويسام ياكى تارىخ دېمىدۇ، پەل-سەپە دېمىدۇ، شۇ ھەقتە سۆزلەپ قويسام، كىشىلەر ئاڭلاپ ھەممىسى قانائەت ھاسىل قىلىشىدۇ، ئۆزۈممۇ قانائەت

هاسىل قىلىمەن... ياكى سەييارە سوت كولىلېگىيىسىدە باشقىلارنى كۆزىتىدىغاندا، باشقا دىنىي خادىملار ئوخشاي-سىزلىق ھېس قىلىشىدۇ. مەنچۇ، سودىيە، تەپتىش ئە-مەلدارى دەمسەن، ئادۋوكات دەمسەن، ھەممىسى بىلەن ئوبدان چىقىشىپ كېتەلەيمەن، گەپ - سۆزۈم جايىدا، ۋەزىنلىك سۆزلەرنى قىلىمەن، ئۇلار بىلەن چاي ئىچە-شىپ چاقچاق قىلىشىمەن، مۇڭدىشىمەن، ئۇلاردىن ئۆ-زۈم بىلمىگەن نەرسىلەرنى سورايمەن.... ئۇلارمۇ ناھايىتى قىزغىن. مانا مۇشۇنچىلىكلا ئىش بالام... بىلىمىنىڭ ئۆزى يورۇقلۇق، بىلىمسىزلىك قاراڭغۇلۇق دېمەكتۇر. ئوقۇغىن! ئوقۇش ناھايىتى قىيىن، ئەلۋەتتە، ھازىر ئو-قۇغان ئادەم نۇرغۇن پۇل خەجلەيدىغان گەپ.... ئاپاڭ بولسا تۇل، ئۇ نەپىقە پۇلىغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن، لېكىننزە، ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك...

خرىستوفور پوپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشككە قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئىۋان ئىۋانىۋىچ ياردەم قىلىدۇ. ئۇنىڭ كارى بولماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ بالىلىرى يوق، شۇڭا جەزمەن ياردەم قىلىدۇ. غەم قىلما!

ئۇ جىددىي قىياپەتتە، ئاۋازىنى بارغانسېرى پەسەي-تىپ دېدى:

— ئېسىڭدە بولسۇنكى، گېئورگى، ئاپاڭ بىلەن ئىۋان ئىۋانىۋىچنى ئۇنتۇپ قالما، پەرۋەردىگارىم دائىم

ئىسىڭگە سىلىپ تۇرغاي! يەنە قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلىپ قوياي، ئاپاڭغا ۋاپادار ئادەم بول، ئىۋان ئىۋانىۋىچ سىنىڭ شەپقەتچىلىك، داداڭنىڭ ئورنىدىكى كىشى. كەل. گۈسىدە ئوقۇپ چىقساڭ، تەڭرى نامىدىن شۇنى دەپ قوياي، باشقىلار مەندىن دۆتكەن دەپ ئۇلاردىن قاچما، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمىساڭ، سىنى نەس باسقىنى شۇ، سىنى نەس باسىدۇ!

خىرىستوفور پوپ قولىنى كۆتۈرۈپ بوش ئاۋازدا بىرنەرسىلەرنى دەپ بولۇپ، يەنە تەكرارلىدى:

— سىنى نەس باسىدۇ! نەس باسىدۇ!

خىرىستوفور پوپ كوتۇلداپ كەتتى، تەمسىلدە ئىپ. تىلغاندەك شۇنداق زوق ـ شوخ بىلەن سۆزلىدى. قارى. غاندا، ئۇ چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولمىغۇچە توختىمايدى. غاندەك قىلاتتى. دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئىچىلىپ ئىۋان ئىۋانىۋىچ كىرىپ كەلدى ـ دە، ئالدىراپ ـ تىنەپ سالاملاش. قاندىن كىيىن شىرە يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە باشلىدى.

— ئوبدان بولدى، ھەممە ئىشلىرىمنى تۈگەت. تىم، — دېدى ئۇ، — بۈگۈن ئۆيگە قايتالايدىغان بولدۇق، بىراق يېگورنىڭ ئىشلىرىغا ئازراق كۆڭۈل بۆلمەي بولمايدۇ. ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش كېرەك. ئاچام مۇشۇ جايدا ناستاسىيە پېترووۋنا دېگەن دوستۇم بار دېگە. نىدى. ئۇ يېگورۇشكىنىڭ ئۆز ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپۇشىغا

ئۇناپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئۇ خۇرۇم چاپىنىنى ئۇيان ئۆرۈپ ــ بۇيان ئۆرۈپ، يانچۇقىدىن پۇرلىشىپ كەتكەن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى خەتنى ئوقۇدى:

*«تۆۋەن كوچىدىكى ناستاسىيە پېتروۋنا توسكونوۋا ئۆزى سېتىۋالغان ئۆيدە ئولتۇرىدۇ.»* دەرھال بېرىپ ئىزدەپ باقاي، نېمىدېگەن ئاۋارىچىلىك ــ ھە بۇ؟!

ئىۋان ئىۋانوۋىچ چاي ئىچىپ بولۇپ، يېگورۇشكىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

ــــ نېمىدېگەن ئاۋارىچىلىك ئىش بۇ! ــــ دېدى ئىۋان ئىۋانوۋىچ غۇدۇراپ، ــــ بۇدۇشقاقتەك چاپلىشىپلىۋالدىڭ ئادەمگە، جىن ئۇرغۇر، سىلەر بىلىم ئېلىپ يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەردىن بولماقچى بولساڭلار پالاكەت مېنىلا باسىدىكەن، سىلەرنى دەپ جاپا چېكىۋاتىمەن....

ئۇلار قورۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ھارۋا بىلەن ھارۋىكەشلەرنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈنمىدى. ئۇلار بۇ يەردىن ئەتىگەندىلا پرىستانغا كەتكەنىدى. ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق قاپقارا ھارۋا توختىتىپ قويۇلغان، ھارۋا يېنىدا بىرقانچە چىلان تورۇق بوغۇز يەۋاتاتتى.

ــــ خەير ـ خوش، ھارۋا، ــــ دېدى يېگورۇشكا ئىچىدە.

ئۇلار ئاۋۋال چوڭ يول بىلەن دۆڭگە قاراپ خېلى ئۇزۇن ماڭدى، ئاندىن چوڭ بىر رەستىدىن ئۆتتى. ئۇ

يەردە ئىۋان ئىۋانىۋىچ چارلاش ساقچىسىدىن تۆۋەن كوچىنىڭ نەدىلىكىنى سورىدى.

— ھەي! — دېدى چارلاش ساقچىسى ھىجىيىپ، — خېلى يىراقتا، مۇشۇ يول بىلەن ئۇدۇل مېڭىپ فېرمىغا بارساڭلار بولىدۇ!

ئۇلار شۇ يول بىلەن كېتىۋېتىپ خېلى كۆپ پەيتۇننى ئۇچراتتى، لېكىن پەيتۇنغا ئولتۇرۇشتەك راھەت ئىش دائىملا بولۇۋەرمەيدۇ، تاغىسى پەقەت ھېيت - بايراملاردىلا ئۆزىنىڭ بۇ راھەتنى كۆرۈشكە يول قوياتتى. يېگورۇشكا تاغىسى بىلەن تۇز يولدا خېلى ئۇزۇن ماڭدى، ئاندىن ھارۋا ماڭمايدىغان، پىيادىلەرلا ماڭىدىغان كوچىدا خېلى ئۇزۇن ماڭدى. ئاخىردا چوڭ يولمۇ، پىيادىلەر يولىمۇ يوق كوچىغا چىقىپ قالدى. ئۇلارنىڭ پۇتى بىلەن تىلى ئۇلارنى تۆۋەن كوچىغا باشلاپ كەلگەندە، تەرلەپ - پىشىپ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى، ئۇلار شلەپىلىرىنى ئېلىۋېتىپ، باش - كۆزلىرىنى سۈرتۈشتى.

ناستاسىيەنىڭ ھويلىسىغا كىرگەندىن كېيىن، يېگورۇشكانىڭ تاغىسى ئۈنلۈك سۆزلەشكە باشلىدى:

— تىنچلىقمۇ؟ تىنچ تۇرۇپسىز؟! بىلەمسىزكىن، قەدىناس دوستىڭىز ئولگا ئىۋانوۋنا كونىيادىۋا سالام ئېيتتى. بۇ ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى، ئۆزۈم بولسام، ئېسىڭىزدە بولسام كېرەك، قەدىناس دوستىڭىزنىڭ بىر قورساق ئىنىسى ئىۋان ئىۋانىۋىچ بولىمەن.... سىز

ئەسلىدە بىز بىلەن بىر ناھىيە بازىرىدا تۇراتتىڭىز، شۇ يەردە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ياتلىق بولغانتىڭىز.

ئارقىدىن ئارىنى جىمجىتلىق باستى. سېمىز ئايال ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك ياكى سۆزلىرىنى چۈشەنمىگەندەك، ئىۋان ئىۋانىۋىچقا قاراپلا قالدى. ئاندىن ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، ئىككى قولىنى جۈپلىۋىدى، ئېتىكىدىكى سۇلۇ تۆكۈلۈپ، ئىككى كۆزىدىن ياش تۆ-كۈلۈشكە باشلىدى.

— ئولگا ئىۋانوۋنا! — ئۇ ۋارقىرىۋەتتى، ھاياجانلاند-غىنىدىن ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالدى، — قەدىردانىم، ئاھ! پەرۋەردىگار، مەن بۇ يەردە نېمىشقا ساراڭدەك ھاڭۋېقىپ تۇرىمەن - ھە؟ چىرايلىق پەرىشتەم....

ئۇ يېگورۇشكانى چىڭ قۇچاقلاپ، ياشلىرى بىلەن ئۇنىڭ مەڭزىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

— پەرۋەردىگارىم! — دېدى ئۇ قولىنى گىرەلەشتۈ-رۈپ، — ئولگانىڭ ئوغلى دەڭ، نېمىدېگەن چوڭ خۇشال-لىق، ئۇ ئاپىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن، ۋۇي، ھويلىدا تۇرغىنىڭلار نېمىسى! چاققان ئۆيگە كىرىڭلار!

ئۇ ئىتتىك ئۆيگە مېڭىۋېتىپ يىغلايتتى، ھاسىد-رايتتى، توختىماي بىرنەرسىلەرنى دەيتتى. مېھمانلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆيگە كىرىشتى.

— ئۆيۈمنى تېخى يىغىشتۇرمىغانىدىم، — دېدى ئۇ ۋە مېھمانلارنى شامال ئۆتۈشمەيدىغان، تىنچىق ئۆيگە

باشلاپ كىردى. ئۇ ئۆيگە نۇرغۇن مەبۇد ۋە گۇللەر تىزىپ قويۇلغانىدى.

— ئاھ مەريەم ئانا! ۋاسىلىسا، ھېچبولمىغاندا دېرىزىنى ئېچىۋەتسەڭ بولماسمىدى! كىچىك پەرىشتەم! چىرايلىق گەپلەرنى قىلالمايمەن بالام! ئولچىكىنىڭ بۇنداق بىر ئوغلىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن.

ئۇ تىنچلىنىپ مېھمانلار بىلەن تىنچلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئىۋان ئىۋانىۋىچ ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز سۆزلەشكۈسى بارلىقىنى ئېيتتى. يېگورۇشكا باشقا بىر ئۆيگە كىردى. ئۇ ئۆيدە كىيىم تىكىش ماشىنىسى بار ئىدى. دېرىزىگە بىر ئالا باش تورغاي بار قەپەس ئېسىپ قويۇلغانىدى. بۇ ئۆيگىمۇ نۇرغۇن مەبۇد ۋە گۇللەر تىزىپ قويۇلغانىدى. كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ يېنىدا بىر قىزچاق جىمجىت تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، قوۋۇزلىرى دومبايغان بولۇپ، ئۇ گۇللۈك رەختتىن كۆڭلەك كىيگەنىدى. ئۇ يېگورۇشكىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى، ئېھتىمال بەكمۇ ئوڭايسىزلانغان بولسا كېرەك. يېگورۇشكا ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن سورىدى:

— ئىسمىڭىز كىم؟

قىزچاق ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ، خۇددى ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك بوش ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— ئاتكا...

— ئۇ مۇشۇ ئۆيدە تۇرسۇنمىكىن، — دېدى ئىۋان ئىۋانىۋىچ مېھمانخانا ئۆيدە بوش ئاۋازدا، — ناۋادا سىز ئېغىر كۆرمىسىڭىز، سىزگە ئايدا ئون رۇبلى بېرىمىز، ئۇ بەكمۇ ئەركە ئۆگىتىلگەن بالا ئەمەس، ناھايىتى ئە-تائەتچان بالا....

— سىزگە زادى نېمە دېسەم بولار، ئىۋان ئىۋانى-ۋىچ، — دېدى ناستاسىيە پېترووۋنا يىغلامسىراپ تۇ-رۇپ، — ئون رۇبلى بەرسەڭلارغۇ تازا ياخشى بولار ئە-كەن، بىراقزە باشقىلارنىڭ باللىرىدىن خەۋەر ئېلىش-تىن قورقىمەن، ئۇ ناۋادا تۇيۇقسىز ئاغرىپ- تارتىپ قالسا...

يېگورۇشكا مېھمانخانا ئۆيگە چاقىرتىلغاندا، ئىۋان ئىۋانىۋىچ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغان بولۇپ، شلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ خوشلىشىۋاتاتتى.

— بولدى، ئەمىسە، ئۇ سىزنىڭ قېشىڭىزدا قالسۇن، خوش! سەن مۇشۇ يەردە قېپقال، يېگور! — دېدى ئۇ جىيەنىگە قاراپ، — چاتاق چىقارما، ناستاسىيە پېترووۋ-نانىڭ گېپىنى ئاڭلا.... خوش ئەمىسە، مەن ئەتە يەنە كېلىمەن.

ئۇ كەتتى. ناستاسىيە پېترووۋنا يېگورۇشكانى يەنە قۇچاقلاپ، ئۇنى كىچىك پەرىشتەم دەپ باغرىغا باستى. يىغلاپ تۇرۇپ تاماق تارتتى. بىردەمدىن كېيىن،

يېگورۇشكا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، يېگورۇشكا ئۇنىڭ ئاخىرى يوق سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەچ، ھەم ياغلىق، ھەم قىزىق يېسىۋىلەك شورپىسى ئىچتى.

كەچ كىردى. ئۇ يەنە تاماق شىرەسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئېڭىكىنى بىر قولىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ جىمجىت ھالدا ناستاسىيە پېترووۋنانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا باشلىدى. ناستاسىيە پېترووۋنا بىردەم كۈلەتتى، بىردەم يىغلايتتى. يېگورۇشكاغا ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ ياش ۋاقتىدىكى ئىشلىرىنى، ئۆزىنىڭ توي ئىشىنى، بالىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى.... بىر قارا چېكەتكە ئوچاقتا چىرىلدايتتى، لامپا بوش غوڭۇلدايتتى، ئايال خوجايىن پەس ئاۋازدا سۆزلەيتتى. ئۇ تولا ھاياجانلانغىنىدىن قولىدىكى ئويماقنى پات ـ پاتلا يەرگە چۈشۈپ كېتەتتى، كىچىك قىز نەۋرىسى كاتىيە بولسا شىرەنىڭ ئاستىغا ئۆمىلەپ كىرىپ ئېلىپ بېرەتتى. ئۇ ھەر قېتىم شىرە ئاستىدا ئۇزاق ئولتۇرۇۋېلىپ يېگورۇشكانىڭ پۇتىغا سىنچىلاپ قارايتتى، يېگورۇشكا مۈگدەپ ئولتۇرۇپ گەپ ئاڭلىغاچ، مومايىنىڭ بىر تال تۈكلۈك مېڭى بار قورۇق باسقان يۈزىگە سەپسالاتتى.... ئۇ يېگورۇشكاغا بىر چوڭ ساندۇقنىڭ ئۇستىگە ئورۇن راسلاپ بېرىپ، كېچىدە قورسىقى ئاچسا، دالاندىكى ئۆيىنىڭ دېرىزە تەكچىسىدىكى تەخسە بىلەن يېپىپ قويۇلغان چۆجە گۆشىدىن ئېلىپ يېيىشنى تاپىلىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئىۋان ئىۋانىۋىچ بىلەن خرىستو-فور پوپ خوشلاشقىلى كەلدى. ناستاسىيە پېترووۋنا بەكمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ ناشتىلىق تەييارلاي دەپ تۇرۇ-شىغا، ئىۋان ئىۋانىۋىچ قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— ناشتا قىلغۇدەك ۋاقتىمىز يوق، هازىرلا قايتى-مىساق بولمايدۇ.

خوشلىشىشتىن بۇرۇن، كۆپچىلىك بىردەم جىم-جىت ئولتۇرۇشتى. ناستاسىيە پېترووۋنا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىنى مەبۇدقا تىكىپ تۇراتتى.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى ئىۋان ئىۋانىۋىچ ئورنى-دىن تۇرغاچ سۆز باشلاپ، — ئۇنداق بولسا سەن مۇشۇ يەردە قال....

ئۇنىڭ چىرايىدىكى جىددىي تۇس بىردىنلا يوقالدى. يۈزى سەل قىزارغان، مەيۇس قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى:

— ئېسىڭدە چىڭ تۇت، دەرسلەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگەن.... ئاپاڭنى ئۇنتۇپ قالما، ناستاسىيە پېترووۋنانىڭ گېپىنى ئاڭلا.... ناۋادا مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇساڭ، يېگور، سىنىڭدىن چوقۇم ئوبدان خەۋەر ئالىمەن. ئۇ يانچۇقىدىن ھەمىيىنىنى ئېلىپ، يېگورۇشكاغا ئارقىسى-نى قىلىپ تۇرۇپ، ھەمىيىنىنى بىرھازا ئاختۇرۇپ ئون كوپىكلىق تەڭگىدىن بىرنى ئېلىپ يېگورۇشكىغا

بەردى. خرىستوفور پوپ ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىپ، ئالدى-رىماي تۇرۇپ يېگورۇشكىغا بەخت تىلىدى:

— پەرۋەردىگارنىڭ نامىدىن... مەكتەپتە ياخشى ئو-قۇغىن بالام.... ناۋادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم، دۇئا قىلغان ۋاقتىڭدا مەن ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلىپ قويارسەن. ئال، مەنمۇ ساڭا ئون كوپىك بېرەي....

يېگورۇشكا ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويۇپ يىغلىدى. كۆڭلىدە بىر ئاۋاز ئۇنىڭغا: «سەن ئەمدى بۇ بوۋايىنى ھەرگىز كۆرەلمەيسەن» دەۋاتاتتى.

— ناستاسىيە پېترووۋنا، مەن ئوتتۇرا مەكتەپكە بې-رىپ تىزىملىتىپ قويۇپ كەلدىم، — دېدى ئىۋان ئىۋا-نوۋىچ، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن خۇددى ئۆيگە بىر مېيىتنى قويۇپ قويغاندەك مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى، — 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۇنى باشلاپ بېرىپ مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرسىڭىز... بولىدۇ، ئەمىسە، خەير ـ خوش، پەرۋەردىگار ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! خوش، يېگور!

— ھېچبولمىسا بىرەر پىيالە چاي بولسىمۇ ئىچىپ مېڭىڭ! — دېدى پېترووۋنا مەيۇس ئاۋازدا.

يېگورۇشكانىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئۇ تاغىسى بىلەن خرىستوفور پوپنىڭ قانداق چىقىپ كەت-كىنىنىمۇ كۆرەلمىدى، ئۇ دېرىزە ئالدىغا يۈگۈرۈپ كې-لىپ سىرتقا قارىدى، ئەمما ئۇلار ھويلىدا يوق ئىدى.

ھېلىلا قاۋاۋاتقان ئىتمۇ كوچىدىن قايىتىپ كىردى. يېگورۇشكا نېمە ئۇچۇنلۇكىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئۆيدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. ئۇ كوچىغا چىققاندا، ئىۋان ئىۋانىۋىچ ئەگرى دەستىلىك ھاسىسىنى پۇلاڭلىتىۋاتاتتى. خرىستوفور پوپ بولسا ئۇزۇن ياغاچ ھاسىسىنى تۇتۇپ دوقمۇشتىن ئەمدىلا ئۆتكەندى. يېگورۇشكا شۇندىلا ئىلگىرى ئۆزىگە پىششىق تونۇشلۇق بولغان ھەممە نەرسىنىڭ مۇشۇ ئىككىسىگە ئەگىشىپ تۇماندەك مەڭگۈ غايىب بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ پۈتۈن ئەزايى بوشاشقان ھالدا ئورۇندۇقتا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆزى ئۇچۇن ئەمدىلا باشلانغان، ناتونۇش بۇ يېڭى تۇرمۇشنى ئۇ قايغۇلۇق كۆز ياشلىرى بىلەن كۈتۈۋالدى....

بۇ تۇرمۇش زادى قانداق بولىدىغاندۇ؟

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

«خامېلېئون» دا بەدىئىي جەھەتتە ناھايىتى ئۇس-تىلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈلگەن. بۇ ھېكايىنىڭ ھەجمى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ۋەقەلىكى ئاددىي، پېرسوناژلارمۇ ئاز، بىرلا كىشى تەسۋىرلىنىدۇ دېيىش-كىمۇ بولىدۇ؛ لېكىن ھېكايە ۋەقەلىكى ئەگرى - توقاي، قىزىقارلىق قىلىپ يېزىلغان. ئاساسىي تېما روشەن، تەنقىد سالمىقى ناھايىتى كۈچلۈك.

ئەسەردە ساقچى ئوفىتسېرىنىڭ زەرگەرنى ئىت چىشلىۋالغانلىقىدەك ۋەقەنى قانداق بىر تەرەپ قىلغان-لىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ساقچى تۈزۈمىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن قارىمۇقارشى ئىكەنلىكى ئېچىپ بېرىلگەن. سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان، تۇراقسىز، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ، تۆۋەننى باسىدى-غان ئوچۇمىلوفنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسى قامچىلان-غان. ئەسەردە ئوچۇمىلوف قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بەش خىل ئۆزگىرىپ بولىدۇ؛ دەسلەپتە ئۇ ئادىل قىيا-پەتكە كىرىۋېلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالماقچى، ئىتنىڭ ئىگىسىنى جازالىماقچى، ئەمر - پەرمانلارغا رىئايە

قىلمايدىغان بەگ ـ غوجاملارنى ئەدەپلەپ قويماقچى بولىدۇ، ئەمما كىشىلەر توپى ئىچىدىن بىرەيلەن «بۇ گېنېرالنىڭ ئىتى» دېگەندە، ئوچۇملوف پوزىتسىيە-سىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ، ئىتنى ئاقلاپ: «ئۇ سېنى قانداق قىلىپ چىشلىۋالدى؟ ئۇ كىچىككىنە تۇرسا، ئادەمنىڭ بارمىقىغا كۇچۇكنىڭ بويى قانداق يېتىدۇ؟» دەيدۇ. بۇ ناھايىتى ئۇشتۇمتۇت ئېيتىلغان گەپ بولسى-مۇ، پېرسوناژنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. كېيىن بىر چارلاش ساقچىسى: «بۇ گېنېرالنىڭ ئىتى ئەمەس» دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇ پوزىتسىيىسىنى ئىككىنچى قېتىم ئۆزگەرتىدۇ: «سەنچۇ، خريوكىن، خېلى ئازاب چېكىپسەن، شۇڭا بۇ ئىش بىلەن كارىمىز بولماسا بولمايدۇ» دەيدۇ. لېكىن چارلاش ساقچىسى ئۆزىنىڭ پىكرىدىن گۇمانلىنىپ: «بەلكىم گېنېرالنىڭ ئىتى بولۇشىمۇ مۇمكىن» دېگەندە، ساقچى ئوفىتسېرى پو-زىتسىيىسىنى ئۈچىنچى قېتىم ئۆزگەرتىپ، خريوكىن-نى: «سەن ئەخمەق»، «ئۆزۈڭ ئەيىبلىكسەن!» دەپ تىللاپ كېتىدۇ.

گېنېرالنىڭ ئاشپىزى ئىتنىڭ ئىگىسى توغرۇلۇق ئىككى قېتىم ھۆكۈم چىقىرىدۇ، لېكىن بۇ ئىككى ھۆكۈم ھەرگىزمۇ بىر ـ بىرىگە زىت بولماستىن، بەلكى كېيىنكىسى ئالدىنقىسىدىن تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ.

بۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش تەسىرلىك بە-
دىئىي جەلپ قىلىش كۈچى ھاسىل قىلغان. ئاشپەز:
«بىزنىڭ ئۇ يەردە ھېچقاچان بۇنداق ئىت يوق ئىدى»
دېگەندىن كېيىنلا ساقچى ئوفىتسېرىنىڭ كۆڭلىدە سان
بولىدۇ ـ دە، ھەيۋىسىنى كۆرسىتىدۇ: «بۇ لالما ئىت....
ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك» دەيدۇ، دېمەك، ئۇ پوزىت-
سىيىسىنى تۆتىنچى قېتىم ئۆزگەرتىدۇ. ئىتقا بېرىل-
گەن ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىش ئالدىدا تۇرغاندا،
ئاشپەز سۆزىنى داۋام قىلىپ: «بۇ گېنېرالنىڭ ئاكى-
سىنىڭ ئىتى» دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ساقچى ئوفىتسېرى
پوزىتسىيىسىنى بەشىنچى قېتىم ئۆزگەرتىدۇ ـ دە، چى-
رايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، ئىتقا خۇشامەت قىلىپ كېتىدۇ.

ئەركىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋەقەلىك جەريانى ھېكا-
يىنى ئەگرى ـ توقاي، دولقۇنسىمان تۈسكە كىرگۈزۈپ،
ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىپلا قالماي، پېرسوناژلارنىڭ
مىجەز ـ خاراكتېرىنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، ھۆكۈمران سى-
نىپلار غالچىلىرىنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى جان-
لىق سۈرەتلەپ بەرگەن. ئاپتور ئارىلىقتا ئىندىۋىدۇئال-
لىققا ئىگە قىلىنغان پېرسوناژ تىلى ئارقىلىق، قەلى-
مىنى باش قەھرىمان ئوچۇمىلوفقا مەركەزلەشتۈرۈپ،
ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى-
نى چىڭ تۇتقان، شۇنداقلا ۋەقەلىك كەيپىياتىغا كۈچەپ
تۈس بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاساسەن، ھەجۋىي

رەسىم سىزىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇسلۇب بىلەن، پېرسوناژلارنى دىئالوگ ئارقىلىق سۈرەتلەپ بەرگەن ۋە ۋەقەلىكنى راۋاجلاندۇرغان. پۈتۈن ھېكايىنى بايرىقى روشەن بىر ھەجۋىي رەسىم دېيىشكە بولىدۇ.

كىشىلەر «خامېلېئون» نى ئوقۇپ ئۆزلىرىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ، بىز شۇ كۈلكە ساداسى ئىچىدە ئاپتورنىڭ ئوچۇملۇقنىڭ تونىنى ئاستا ـ ئاستا سالدۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز؛ شۇ كۈلكە ساداسى ئىچىدە، «خامېلېئون» ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇپ يېتەلەيمىز. بۇ كۈلكە ساداسى بىر خىل ساغلام، ئۈمىدۋار ۋە ئالغا ئىنتىلىدىغان كۈلكە ساداسى، بۇ كۈلكىگە ئوچۇملۇقلار ۋە مۇستەبىت تۈزۈم كۈچلىرىگە بولغان كەمسىتىش ۋە يىرگىنىشلەر يوشۇرۇنغان. بۇ كۈلكە ساداسى خۇددى ئۆتكۈر خەنجەردەك زۇلمەتلىك زاماننىڭ يۈرىكىگە سانجىلىپ، كىشىلەرنى ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇرغان.

«بىر ئەمەلدارنىڭ ئۆلۈمى» — چېخوف 23 يېشىدا يازغان ھېكايە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى خاراكتېرى سەل مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن باش قەھرىمان دەل رۇسىيە «كىچىك شەخس» لەر كارىدورىنىڭ بىر ئەزاسى. بۇ ھېكايىگە مۇنداقلا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا سۆزلەنگىنى ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بىر ئىش. تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدار چېرۋىياكوف دراما كۆرۈۋېتىپ،

تاسادىپىي ھالدا چۈشكۈرۈپ تاشلايدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئاغزىـ
ـدىن چاچراپ چىققان تۈكۈرۈك ئالدىدا ئولتۇرغان بىر
پېشقەدەم گېنېرالنىڭ ئۇستىگە چۈشىدۇ. چېرۋىياكوف
گېنېرالنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدۇم، دەپ ئويلاپ،
ئۇنىڭدىن ئىككى قېتىم كەچۈرۈم سورايدۇ. ئويۇن ئاـ
خىرلىشىپ، چېرۋىياكوف ئۆيىگە قايتىپمۇ كۆڭلى ئاـ
رامىغا چۈشمەيدۇ، ئەتىسى يەنە گېنېرالنىڭ ئۆيىگە بېـ
ـرىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئىككى
قېتىم كەچۈرۈم سورايدۇ، گېنېرال بۇنىڭدىن بىزار بوـ
لۇپ، «نېمىدېگەن قاملاشمىغان گەپ بۇ!» دەپ ۋارقىرايـ
ـدۇ. چېرۋىياكوف تېخىمۇ خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشـ
ـلايدۇ ـ دە، يەنە بىر قېتىم ئەپۇ سورايدۇ. گېنېرالنىڭ
تاقىتى ـ تاق بولۇپ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ـ دە، «يوقال!»
دەپ ۋارقىرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن چېرۋىياكوف قورقىنىدـ
ـدىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ ئۆلۈپ
قالىدۇ....

چېخوف مانا مۇشۇنداق تۇرمۇشتىكى كىچىككىنە
دېتاللارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىش ئارقىلىق ئاساسىي
ۋەقەلىكنى مەركەزلىك تەسۋىرلىگەن، مۇبالىغە قىلىش
ئۇسۇلى ئارقىلىق پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئاساسىي
تەرىپىنى گەۋدىلەندۈرگەن، ۋەقەلىك ھەم تەنتەنىلىك،
ھەم قىزىقارلىق، تراگېدىيە بىلەن كومېدىيىنىڭ
گىرەلىشىشى ئىچىدە راۋاجلىنىدۇ. بۇنداق قىزىقارلىق

ۋەقەلىك كىشىلەرنى ئىختىيارسىز كۆلدۈرۈۋېتىدۇ، ئەمما كىشىلەر يەنە بىر تەرەپتىن كۆلكە ئىچىدە خاپىلىق بارلىقىنى بايقايدۇ، شۇنچىلىك بىر كىچىك ئىش ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بەرگەن ھېلىقى كىچىك ئەمەلدارنىڭ قورقۇنچاقلىقى ۋە ئېھتىياتچانلىق پسىخىكىسى تولىمۇ كۆلكىلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭ ھالىتى كىشىگە تولىمۇ بىچارە تۇيغۇ بېرىدۇ. ئۇ نېمىشقا مۇشۇنداق ئالاقزادە بولىدۇ؟ ئۇنىڭ تەبىئىتى شۇنداقمۇ؟ ئۇنىڭ روھىي ھالىتى نورمالسىزمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، بىز قارىماققا كۆلكىلىك بىلىنىدىغان مۇشۇ ۋەقەنىڭ كەينىگە ئاپتورنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىكى ئاشۇ «تونتاپ قالغان» دەۋردىكى زۇلمەتلىك رېئاللىقتا بولغان قانلىق شىكايىتى يوشۇرۇنغانلىقىنى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز.

كىچىك ئىشلار ئارقىلىق چوڭ ئىشلارنى يورۇتۇپ بېرىش، كىچىككىنە، ئەرزىمەس، ئاددىي خام ماتېرىيال ئارقىلىق ھەقىقىي، ئىشەنچلىك، تولىمۇ يىغىنچاق بولغان بەدىئىي تىپلارنى يارىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش — چېخوف ھېكايىلىرىدىكى بەدىئىي مۇلاھىزىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى. بۇ ھېكايە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، چېرۋياكوف قەدىر ـ قىممەتسىز، پەس، يەتكۈچە ئازاب چەككەن

كىچىك شەخسنىڭ تىپى بولۇپ قالغان.

«يايلاق» دېگەن پوۋېستتا ئىنتايىن ئاددىي بىر ۋەقەلىك سۆزلىنىدۇ، يەنى توققۇز ياشلىق يېگورۇشكا سودىگەر تاغىسى بىلەن پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ، يىراقتىكى بىر شەھەرگە ئوقۇشقا ماڭىدۇ. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم يىراققا سەپەرگە چىقىشى ئىدى. سەپەر ئۇزۇن ھەم مۇشكۇل ئىدى. ئۇلارغا ئوتتەك قىزىق ئاپتاپ، تومۇز ئىسسىق ۋە زېرىكىشلىك، جىمجىت يايلاق ھەمراھ بولىدۇ. قۇياش غەربكە قىيسايغاندا، تاغ كەينىدىن بىر پارچە قارا بۇلۇت كۆتۈرۈلۈپ قاتتىق چاقماق چاققان بولسىمۇ، يامغۇر ياغمايدۇ، ئۇلار كەچ كىرىپ كۆز باغلىنىشى بىلەن بىر دەڭگە چۈشىدۇ. يېگورۇشكا بۇ دەڭدە يوغان، سېمىز بىر يەھۇدىي ئايال ۋە گۈزەل درانىزكايا خېنىمنى ئۇچرىتىدۇ. يەھۇدىي ئايالنىڭ مىشچانلىقى ۋە گرافنىڭ ئايالى درانىزكايا خېنىمنىڭ نازاكەتلىكى ئۇنىڭ كاللىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. يېگورۇشكا يېرىم يولدا، يۈك توشۇۋاتقان كارۋانلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە كۈندە، ھارۋىكەش پانتېلېي بوۋاي بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋە باشقا ھارۋىكەشلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن رۇس دېھقانلىرىنىڭ ئاددىي ـ ساددا، نادان، ئاق كۆڭۈل پەزىلىتىنى كۆرىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ جاپالىق تۇرمۇشى ۋە بەختلىك تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى چۈشىنىدۇ. ئۇزاق سەپەر

جەريانىدا، يېگورۇشكا يايلاق ھەققىدىكى نۇرغۇن رىۋايەت ۋە يولۇچىلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ ماڭىدۇ. ئۇ ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىدىن گۈزەللىكنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقى، ياشلىقنىڭ جۇشقۇن ـ كۆتۈرەڭگۈ روھ- لۇق بولىدىغانلىقى ۋە ياشاشقا بولغان ئىنتىلىشنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. ئاپتاپ تازا قىزىپ كەتكەن بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن يايلاقتا ئاخىر قارا يامغۇر يا- غىدۇ، يېگورۇشكا ئاخىر كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ كېلىدۇ، ئۇ تاغىسى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، ئۆ- زىگە ناتونۇش بولغان بىر يېڭىچە تۇرمۇشنى ئۆزى يال- غۇز كۈتۈۋالىدۇ.

بۇ پوۋېستتا ھېچقانداق جىددىي ۋەقەلىكمۇ يوق، كۈتۈلمىگەن دراماتىك ئۇنۇممۇ يوق. ئاپتور پەقەت ئات ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان باش قەھرىماننىڭ كۆرگەنلىرىنىلا ئوقۇرمەنلەرگە سۈرەتلەپ بېرىش ئارقى- لىق، ھاياتىي كۈچكە تولغان رۇس يايلاقلىرى، ئەمگەك- چان، ئاددىي ـ ساددا رۇس دېھقانلىرى، شۇنىڭدەك دى- مىق ـ تىنچىق مۇھىتتا ئۆزگىرىش ياساۋاتقان ئىجتى- مائىي تۇرمۇشنى ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا نامايان قىلىپ بېرىدۇ. مانا بۇ مۇشۇ پوۋېستنىڭ ھەقىقىي ئاساسىي مەزمۇنى.

بۇ پوۋېستتا، ئاپتور رومانتىزملىق غايىنىڭ لىرىكىلىق ئاملى بىلەن رېئاللىقنى ئەينەن تەسۋىرلەش

ئامىللىرىنى شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن بىرلەشتۈرگەن. بۇنداق لىرىكىلىق ئامىل دەل ئاپتورنىڭ كۈچلۈك ۋە-تەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىدۇر. بىپايان يايلاق بۇ پوۋېست-نىڭ مەركىزىي ئوبرازى، شۇنداقلا رۇس ئېلىنىڭ سىمۋولى.

تومۇز ئىسسىقتا يايلاقتا كىشى تۇنجۇقۇش ھېس قىلاتتى، ئۈمىدسىزلىنەتتى، ئەمما ئاپتور چوڭقۇر، قىزغىن ئۈمىدۋارلىق ئىچىدە، مۇشۇ ئاددىي، زېرىكىش-لىك سەپەر ئىچىدىن ئۆزىنى بېيىتىش ۋە تولۇقلاشنىڭ چارىسىنى، يايلاقتا مۇجەسسەملەنگەن جۇشقۇنلۇقنى تې-پىپ، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ كۈچىنى تونۇپ يەتكەن. ئاپتور ئۆزىنىڭ كارامەت يۇقىرى يېزىقچىلىق ماھارىتى ئارقىلىق يايلاق ئوبرازىنى تېخىمۇ يۇكسەك-لىككە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا چۆچەكلەردىكىدەك كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ئاجايىپ تەسىرلىك تۈس بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پەلسەپىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە پى-كىر يۈرگۈزگەن: رۇسىيە زېمىنى ھاياتىي كۈچكە باي بولسىمۇ، ئۆزىدىكى بايلىق ۋە روھنىڭ ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاتتىق ئېچىنماقتا، بىراق ئۇ ئۈمىد-سىزلىنىپ قالغىنى يوق، ئۇ كۈچ توپلىماقتا، ئىلتىجا قىلماقتا، ئەركىنلىك كەيپىياتىغا تولۇپ تاشقان يېڭى تۇرمۇشنى كۈتمەكتە. قىسقىسى، يايلاق ئوبرازىغا ئاپ-تورنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىگە بولغان كۈچلۈك

ئېتىقادى ۋە گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئارزۇ ـ ئىستەك-
لىرى مۇجەسسەملەنگەن. چېخوفنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك
قىزغىن ھېسسىياتى پۈتكۈل ئەسەرنى قويۇق لىرىك
كەيپىياتقا ئىگە قىلغان ۋە ئۇنىڭغا كىشىنىڭ يۈرىكىنى
تىترىتىدىغان بەدىئىي كۈچ ئاتا قىلغان.

«يايلاق» پوۋېستىنىڭ دۇنياۋى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر
قاتارىدا مەزمۇت پۇت دەسسەپ تۇرالىشىدىكى سەۋەب
شۇكى، ئۇ چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىككە، قويۇق لىرىكىلىققا
ئىگە بولغاندىن سىرت يەنە يېڭىچە، ئۆزگىچە بەدىئىي
ئىپادىلەش شەكلىگىمۇ ئىگە. چېخوفنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنى
«باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتـ-
قان» پوۋېست دەپ ئاتىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، كىنايىلىقى چوڭقۇر بولغان
سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلى، يۇقىرى مەسخىرە قىلىش
ماھارىتى، راست بىلەن يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ بايان
قىلىش ئۇسۇلى، ئىخچام ـ ئاددىي يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى،
نەسرىي شېئىردەك گۈزەل تىل ۋە ئوبرازلىق سىلىشـ-
تۇرۇش قائىدىسى قاتارلىقلار «يايلاق» نىڭ چوڭقۇر،
تەبىئىي، تەسىرلىك بەدىئىي سېھرىي كۈچىنى شەكىلـ-
لەندۈرگەن. شۇڭا بەزىلەر ئۇنى ۋەقەلىكى يوق پوۋېستـ-
لارنى يېزىش ئۇسلۇبىغا ئۇل سالغان ئەسەر دېيىشسە،
يەنە بەزىلەر ھەتتا ئۇنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى
مەزگىلىدىكى رۇسىيە داستانى دەپ تەرىپلەشمەكتە.

بۇلارنىڭ ھەممىسى «يايلاق» نىڭ پوۋېست تەرەققىيات تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

چېخوفنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى ئاساسەن 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان دەۋرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ دەۋر رۇسىيە تارىخىدىكى ئەڭ ئەنسىز، شۇنداقلا ئەڭ زۇلمەتلىك دەۋر ئىدى. بۇ دەۋردە رۇسىيىنىڭ يانچىلىق تۈزۈمى يىمىرىلگەن، كاپىتالىزم تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغانىدى، دۆلەت ئىچىدە خىلمۇخىل نەزەرىيە، تەشۋىقات ۋە ۋەز ـ نەسىھەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چىققان بولۇپ، كىشىلەر رۇسىيە قايسى يولدا مېڭىشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشىۋاتاتتى، چار پادىشاھ ھۆكۈمرانلىرى پۈتكۈل رۇسىيىنى توڭلىتىۋېتىمىز دەپ جار سېلىشىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمۇ يېتىلىۋاتاتتى، ھەمدە تەدرىجىي باش كۆتۈرۈۋاتاتتى. بۇ سۇبھى يېتىپ كېلىش ئالدىدىكى ئەڭ زۇلمەتلىك چاغلار ئىدى.

بۇ ۋاقىت شۇنداقلا رۇسىيە ئەدەبىياتى تازا گۈللەنگەن مەزگىل ئىدى. رۇسىيىنىڭ تەنقىدىي رېئالىزملىق

ئەدەبىياتى 40 ـ يىللاردىكى گوگول ۋەكىللىكىدىكى «تەبىئەتچىلەر» ئېقىمى ئاساسىدا زور دەرىجىدە ئالغا ئىلگىرىلىدى. بۇ ۋاقىتتىكى ئەدەبىياتتا جەمئىيەت ئىنتايىن كەسكىن ھەم ئومۇمىيۈزلۈك تەنقىد قىلىندى. ۋاتاتتى، مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈمى ۋە يانچىلىق تۈزۈمى تەنقىد قىلىنىپلا قالماي، دىنىي تۈزۈم ۋە كاپىتالىزممۇ تەنقىد قىلىنىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، رىيالىستلارنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ چىقىش يولى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش بارغانسېرى زۆرۈر بولۇپ قېلىۋاتاتتى، روھىي ئازاب ـ ئوقۇبەتكە تېخىمۇ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، خرىستىئان دىنىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەسى بارغانسېرى قويۇق تۈس ئالماقتا ئىدى. تولستوي بىلەن چېخوف مۇشۇ دەۋردىكى ئەڭ مۇھىم يازغۇچىلار ئىدى.

چېخوفنىڭ ئىجادىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئۈچ مەزگىلگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، دەسلەپكى مەزگىل (1880 — 1888 ـ يىللىرى)؛ ئىككىنچى، ئوتتۇرا مەزگىل (1888 — 1896 ـ يىللىرى)؛ ئۈچىنچى، ئاخىرقى مەزگىل (1896 — 1904 ـ يىللىرى). «خامپىئون» (1884 ـ يىلى)، «بىر ئەمەلدارنىڭ ئۆلۈمى» (1883 ـ يىلى) قاتارلىق ئەسەرلەر ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇھىم ئەسەرلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىل رۇسىيە تارىخىدىكى «توختاپ قالغان» مەزگىل دەپ ئاتالغان. ئەينى ۋاقىتتا چار

پادىشاھ ئالېكساندىر II ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ ئەزالىرى تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئالېكساندىر III تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، خەلقنى باستۇرىدىغان ساقچى تۈزۈمى مىسلىسىز كۈچەيتىلدى. بيۇروكرات ئاپپاراتلار تېخىمۇ زورايتىلدى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ كۆزىنى بويايدىغان ئەمر - پەرمانلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ، زالىم، مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئۈچۈن چۈمبەردە بولۇپ قالدى؛ ئاجىز بۇرژۇئازىيە چار پادىشاھنىڭ قوينىغا تېزدىن ئۆ- زىنى ئېتىپ، فېئودال مۇستەبىت كۈچلەر بىلەن ئې- غىز - بۇرۇن يالىشىدى؛ چاكىنا، مۇتەئەسسىپ، مىشچان- لار ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ سادىق ئىتائەتمەن پۇقراسى بولۇپ قالدى، تۆۋەن قاتلامدىكى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى. بۇنداق رېئاللىق كىشىنى قاتتىق غەزەپلەندۈرەتتى ۋە ئىچىنى سىقاتتى، ئەمما ئىلغار ئەدەبىيات مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ ھۆكۈم- رانلىقى ئاستىدا قەيسەرلىك بىلەن راۋاجلىنىپ باردى. ياش چېخوف، زۇلمەتلىك ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن ئىنتايىن نارازى بولغانلىقىنى چىقىش قىلىپ، ئۆزىنىڭ غايەت زور بەدىئىي يىغىنچاقلاش ئىقتىدارى بىلەن، كىشىنى بۇرۇقتۇرما قىلىدىغان كۈندىلىك تۇرمۇشتىن ئەينى زاماندا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان غالچا مىجەزلىك روھىي ھالەتلەرنى يورۇتۇپ بەرگەن ھەمدە بۇنداق غالچا مىجەزلىك روھىي ھالەتلەرنىڭ پەيدا

بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان ساقچىلار مۇستەبىت تۈزۈ-
مىنى رەھىمسىزلەرچە مەسخىرە قىلىپ ۋە پاش قىلىپ،
قىلچە مۇرەسسە قىلمايدىغان كەرەش قىلىش روھىنى،
شۇنداقلا تۆۋەن قاتلامدىكى خەلققە بولغان چوڭقۇر
ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

ئوچۇمېلوف: «خامېلېئون» دىكى باش قەھرىمان،
ساقچى ئەمەلدارى. سىرتىدىن سۈرلۈك، سالاپەتلىك، ئۆز
خىزمىتىگە سادىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شامالغا
قاراپ ئىش قىلىدىغان، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ، تۆ-
ۋەندىكىلەرنى باسىدىغان تۇتۇرۇقسىز ئادەم. ئۇنىڭ ۋۇ-
جۇدىدىن كۈچلۈك ھەم روشەن غالچىلىق خۇسۇسىيەت-
لەرنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؛ ئەسەردە ئۇ چار پادىشاھ
مۇستەبىت ساقچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپى-
تىدە تەسۋىرلىنىپ، چار پادىشاھ رۇسىيىسى ئەكسىيەت-
چىل دەۋرىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەن-
دۈرۈپ بەرگەن، بۈگۈنكى كۈندە، بۇ پېرسوناژ ئۆزگى-
رىشكە ماھىر پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ ۋاكالەت نامى بولۇپ
قالدى.

چېرۋىياكوف: «بىر ئەمەلدارنىڭ ئۆلۈمى» دىكى باش
قەھرىمان، ئادەتتىكى بىر مەمۇر، تۆۋەن دەرىجىلىك

مۇلكىي ئەمەلدار، ھەممىگە خوش ـ خوش دەپ تۇرىدىغان، توخۇ يۈرەك، تويغۇچە بوزەك بولۇپ ئۆتكەن ئاددىي شەخس. چېرۋىياكوف بىر كۈنى دراما كۆرۈۋېتىپ تاسادىپىي ھالدا چۈشكۈرۈپ تاشلايدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چاچراپ چىققان تۈكۈرۈك ئالدىدا ئولتۇرغان بىر گېنېرالنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ، گەرچە ئۇ گېنېرال بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ گېنېرالنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدۇم دەپ ئويلاپ، ئۆيگە بېرىپ، قايتا ـ قايتا كەچۈرۈم سورايدۇ، بۇنىڭ بىلەن گېنېرال قاتتىق بىزار بولۇپ، غەزەپ بىلەن ئۇنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قورقىنىدىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ، ئۆلۈپ قالىدۇ....

يېگورۇشكا: «يايلاق» تىكى باش قەھرىمان، توققۇز ياشلىق كىچىك بالا. يېگورۇشكىنىڭ دادىسى ئونىنچى دەرىجىلىك مۇلكىي ئەمەلدار بولۇپ، ئاللىقاچان قازا قىلغان، ئاپىسى ئۇنى بىلىملىك بىر ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، يىراقتىكى بىر شەھەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتمەكچى بولىدۇ ۋە يېگورنى ئالغاچ كېتىشنى سودىگەر تاغىسىغا ھاۋالە قىلىدۇ. نەتىجىدە، يېگورۇشكا يۈك توشۇيدىغان كارۋانلارنىڭ ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ ئۆز ھاياتىدىكى تۇنجى ئۇزۇن سەپەرنى باشلايدۇ؛ يول يىراق ھەم جاپالىق بولۇپ، يول بويى چوغدەك

قوياش، تونۇردەك ئىسسىق، بىپايان ھەم بىر خىللا جىمجىت يايلاق ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ، ئۇ ھەر خىل كىشىلەر بىلەن تونۇشىدۇ ۋە نۇرغۇن ھېكايە ـ رىۋايەتـلەرنى ئاڭلايدۇ، ئاخىر ئۆز مەنزىلىگە يېتىپ بېرىپ تاغىسى بىلەن خوشلىشىدۇ ـ دە، يېڭىچە بىر تۇرمۇشنى باشلايدۇ.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

«خامپلېئون» نى ئوقۇغاندا، ئاۋۋال باش قەھرىماندـنىڭ بەش قېتىم ئۆزگىرىش جەريانىنىڭ تەپسىلاتىنى چىڭ ئىگىلەش كېرەك. بۇ، بىر جەھەتتىن ھېكايىدە بەدىئىي جەھەتتىن ئۇستىلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈلـگەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرسە، يەنە بىر جەھەتتىن پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتىكى ھالقىلىق مەسىلە. ئۇنىڭدىن قالسا، ئوچۇملۇقتىن ئىبارەت بۇ تىپىك پېرسوناژنى تەھلىل قىلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇ ئەسەردە ئاساسلىقى تىل ۋە ھەرىكەت تەسۋىرى ئارقىلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن، ئەمما بۇ سىرتقى ئۇششاق تەپسىـلاتلار ئاستىدا پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك ھەرىكىتى ۋە ئۆزگىرىشى پاكىتقا ئايلانغان ۋە ئېنىق ئىپادىلەپ بېـرىلگەن. تەھلىل قىلىش جەريانىدا، بەزى ھالقىلىق تەپسىلاتلارنى، مەسىلەن، ئۇنىڭ پەلتونى كىيىشى ۋە

سىلىشىغا دائىر تەپسىلاتلارنى ئىگىلەشكە دىققەت قى-لىش كېرەك. ئۇ بىردەم «كۆن بەك ئىسسىپ كەتكەن» دەك ھېس قىلىپ، پەلتوسىنى سىلىۋېتىدۇ؛ بىردەمدىن كېيىن يەنە «گويا شامال چىقىپ، ناھايىتى سوغۇق بولۇۋاتقان» دەك ھېس قىلىپ پەلتوسىنى كىيىۋالىدۇ؛ ئاخىردا ئۇ «ئۇچىسىدىكى پەلتوسى بىلەن بەدىنىنى مەھكەم ئوراپ»، مەيداننى كېسىپ ئۆتۈپ ئۇدۇل كېتىپ قالىدۇ. بۇنداق فىزىئولوگىيىلىك ھېسسىياتنىڭ قاي-تا ـ قايتا ئۆزگىرىشى دەل ئۇنىڭ ئىچكى ئۆزگىرىشى-نىڭ سىرتتىن ئايان بولۇشىدۇر. ئاخىردا ئەسەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەنگەن ئاساستا، «خامېلېئون» دىن ئىبارەت بۇ ئوبرازنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇ-نىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىنى ئىگىلەش لازىم.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAzMjY0MDAuemlw",
  "filename_decoded": "40326400.zip",
  "filesize": 26949225,
  "md5": "65286164fef43e58c2b721511728b0c6",
  "header_md5": "1895929e59cca0e0f3786ba79770fbda",
  "sha1": "12ab20e70dd39723cfb28480ceedfaf8c010772d",
  "sha256": "dfadf1484bce58802fb19e1a0a1925960c74acaf27c335299f56c5e0f66bc3ab",
  "crc32": 4177564182,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 30672165,
  "pdg_dir_name": "\u2569\u2514\u255c\u03c4\u255b\u00a1\u2561\u03a3\u256c\u2500\u2564\u00ba\u256b\u2248\u255e\u2556\u2554\u2550\u256c\u00f7 \u2592\u03a3\u2554\u00bd\u2534\u00b7 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40326400",
  "pdg_main_pages_found": 181,
  "pdg_main_pages_max": 181,
  "total_pages": 193,
  "total_pixels": 530271360,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}